بوغدا ئابدۇللا



# يەلكەن

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى
1983

www.uyghurkitap.com

بوغدا ئابدۇللا

# يەلكەن

(شېئىر ۋە داستانلار)



شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى

يەلكەن

*

شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى قۇرۇلۇش كوچا 9 - قورا)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092 × 787 مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 5,875
1983 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى
1983 - يىل 9 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاپ نومۇرى: M10124·66
سانى: 1 — 6,800
باھاسى: 35 پۇڭ

www.uyghurkitap.com

# نەشرىياتتىن

يولداش بوغدا ئابدۇللا 1941 - يىلى 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1950 - يىلدىن 1960 - يىلغىچە ئۈرۈمچى 2 - دارىلمۇئەللىمىن قارمىقىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ۋە ئۈرۈمچى تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان، 1960 - يىلدىن 1965 - يىلى 9 - ئايغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو تىل - ئەدەبىيات پاكولتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل - ئەدەبىياتى كەسپىدە ئوقۇغان ۋە ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، شۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇ، ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى پاكولتېتىنىڭ لېكتورى.

بوغدا ئابدۇللانىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت پائالىيىتى، ئۇنىڭ 1954 - يىلى سېنتەبىردە «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلغان «دېھقان قىزلىرى ھەققىدە قوشاق» ماۋزۇلۇق شېئىرىي ئەسىرى بىلەن باشلانغان. شائىرنىڭ ھازىرغىچە 200 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرىي ئەسىرى، 8 پارچىدىن ئارتۇق باللادا، داستانى ۋە «باھار غۇنچىلىرى» ناملىق 1 - شېئىرلار توپلىمى (1978 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان) كىتاپخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى. ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى كەڭ كىتاپخانلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا، ئەدەبىي ئوبزورچىلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئىگە بولدى، 30 پارچىغا يېقىن ئەسىرى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە

قىلىنىپ ئېلان قىلىندى، 1979 - يىلى «گۈلدەستىخان» ناملىق داستانى، 1980 - يىلى «يۈرەك لىرىكىسى» ناملىق شېئىرى ئايرىم - ئايرىم هالدا بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى.

يولداش بوغدا ئابدۇللا، هازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە بەلگىلىك تەسىرى بار لىرىك شائىرلاردىن بىرى بولۇپ قالدى. ئۇ، ئىجادىيەتتە تىرىشچان ۋە قاتتىق تەلەپچان، شۇنداقلا ئۇ كىشىلىك ئەخلاقتا ۋە ئىجادىيەت ئۇسلۇبىدا ياخشى بولۇپ، كەڭ كىتابخانلارنىڭ هۆرمىتىگە ئىگە. سوتسىيالىستىك رىئاللىق بىلەن كوممۇنىستىك غايىنى، ئوبېكتىپ تۇرمۇش تەسىراتى بىلەن قىزغىن لىرىك شېئىرىي هېسسىياتنى بىرلەشتۈرۈپ، مەزمۇن ۋە شەكىل ئامىللىرىدا كىتابخاننى مەپتۇن قىلىدىغان شېئىرىي كەيپىيات يارىتىش — شائىر ئەسەرلىرىنىڭ ئاساسىي ئالاهىدىلىكى.

شائىرنىڭ هۆرمەتلىك كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىۋاتقان «يەلكەن» ناملىق بۇ كىتاۋى، ئۇنىڭ 2 - شېئىرلار توپلىمى. توپلام، ئۇنىڭ يېقىنقى يىللاردا ئىجات قىلغان شېئىر، باللادا، داستانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شائىر بۇ ئەسەرلىرىدە زامانىمىز كىشىلىرىنىڭ شېئىرىي ئوبرازىنى يارىتىپ، جۇشقۇنلۇق هېسسىيات، كۆركەم، گۈزەل مەنىلىك تىل، يېقىملىق، ئاممىباپ ۋە يېنىك بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ لىرىك تۇيغۇلىرىنى، كەلگۈسى پارلاق دۇنياغا بولغان غايىۋى ئىنتىلىشىنى يارقىن ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

هازىر، يولداش بوغدا ئابدۇللا تېخىمۇ زور تىرىشچانلىق، يەنىمۇ يۈكسەك تەلەپچانلىق بىلەن ئىجادىي ئىزلىنىپ، يېڭى - يېڭى تېمىلار ئۈستىدە قىزغىن ئىشلىمەكتە.

1983 - يىل 4 - ئاي.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

## شېئىرلار


يەلكەن ........................................ 3
زەڭگەر كۆنلۈك ئاستىدا ........................ 4
گۈلنى تاشلىمادىلار ........................... 5
ئۈچ مېتىر .................................... 6
دېڭىز ........................................ 7
تيانشانىغا .................................... 8
مېھرىم ھەمرايىڭ بولسۇن ...................... 12
چۆلدىكى تاش ................................. 13
مەجنۇنتالنىڭ تېگىدە .......................... 14
دەريا ۋە ئەۋلات .............................. 15
ۋەتەن قوشىقى ................................ 19
شوخ باللارغا ................................. 20
ئانىجان، ئانىجان ياشىغىن ئۇزاق! ............... 24
ئوغلۇمغا جاۋاپ ............................... 27
پارچە ........................................ 27
ئانا يەر ...................................... 28
ماۋزۇسىز ..................................... 29
يولدا ......................................... 29
پىل يىغلايدۇ .................................. 30

سۇمرۇغ دەرىخى ........................ 31
تاك ئاقاردى ........................ 32
ماڭا قەلەم بېرەمسەن؟! ........................ 33
ماۋزۇسىز ........................ 34
دېڭىز ئۈستىدىكى چۇش ........................ 35
جىلغىدىن چوققىلارغا ........................ 36
شاخلاردىن يۇلتۇزلارغا ........................ 38
ئەيىپ ئەتمەڭلار ........................ 40
ئالما ........................ 42
تاغلارنى قۇچاقلاپ ........................ 43
كايىما ئانا ........................ 48
ئەينەك يەكلىسە ........................ 49
پەشتاق ........................ 50
ئانا ........................ 51
پارچە ........................ 57
ئوسما ........................ 58
چاشقان شۇنداق دەيدىكەن ........................ 59
تەر ........................ 60
چىغ بوستان ........................ 61
تاش ئادەملەر ........................ 62
ئىدىقۇت يوللىرى ........................ 64
تۇرپان قەسىدىسى ........................ 68
گۈل ۋە مۇقامچى ........................ 73
ئىلى سېكىللىرى ........................ 76

## داستانلار


چوغلۇق باللادىسى .............................. 83
گۇلدەستىخان ........................................ 92
مەلىكە ئامانىسا!........................................ 140
يېتىم قىز ھەققىدە چوچەك ............................ 171



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# شېئىرلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## يەلكەن

چايقىلىپ، قاتمۇ ـ قات مىنگىشەر دولقۇن،
شاۋقۇنلار ئەۋجىدە، دېڭىز بىپايان.
ئاداشماس قايناملار ئىچىدە يەلكەن،
يامغۇرلار توكۇلۇپ، گۈكىرىسە بوران.

مەگەر سەن ئىستىسەڭ ئۇتۇق ۋە مۇرات،
پاراسەت، شىجائەت يەلكىنىڭنى ياي.
سويۇملۇك جانانىدەك ئەنە ساھىلدا،
شان ـ شەۋكەت دەر ساڭا: كەل بىر قۇچاقلاي!

1980 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى.

## زەڭگەر كۆنلۈك ئاستىدا...

زەڭگەر كۆنلۈك ئاستىدا،
بىر ئوغۇل ھەم قىز بالا.
گۈلدۇرمۇ يوق دەھشەتلىك،
يامغۇرمۇ يوق ئاز-تولا.

زەڭگەر كۆنلۈك ئاستىدا،
بىر ئوغۇل ھەم قىز بالا.
كويدۇرگۇدەك ئىسسىق يوق،
بۇ كۆنلەردە ئانچىلا.

زەڭگەر كۆنلۈك ئاستىدا،
بىر ئوغۇل ھەم قىز بالا.
بىرى نازۇك چىچەكتۇر،
بىرى ئاڭا مۇپتىلا.

1980-يىل 3-ئاي، كۆنىمەك.



## گۈلنى تاشلىماڭلار...

گۈلنى تاشلاپ تۇپراققا،
كەتتى بىرسى يىراققا.
كۆرۈپ باغۋەن "ھەي!..." دېدى،
ئۈن يەتمىدى ئۇزاققا.

گۈلنى تاشلاپ تۇپراققا،
كەتتى بىرسى يىراققا.
گۈل دېگەننى، تەلمۈرگەن —
قىسار مەيدە، قۇلاققا.

گۈلنى تاشلاپ تۇپراققا،
كەتتى بىرسى يىراققا.
نادان گۈلنى نە بىلسۇن،
دەسسىمەستىن يانتاققا!

1980-يىل 3-ئاي، كۆنىمەك.

www.uyghurkitap.com

## ئۈچ مېتىر

قىز كېلىدۇ ئالدى كوچىدىن،
ئارقىسىدىن كېلەر يىگىتى.
ئارىلىقىدا پەقەت ئۈچ مېتىر،
تەڭ ماڭغىلى يوق ھېچ جۈرئىتى.

ئۆتكۈنچىدۇر دەيدۇ كىم گورسە،
ھېس قىلمايدۇ زادى ھېچبىر سىر.
لېكىن، ئەسلى ئىككى يۈرەكتە —
يىراقلىق يوق بىر مىللىمېتىر.

1979 - يىل 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنى.



## دېڭىز

پاراخوتتىمەن — پولات سۇپىدا،
يېپىنچا قىلىپ يامغۇرلۇغۇمنى.
شاۋقۇن سالار تىنىمسىز دولقۇن،
بايقىغاندەك جىمغۇرلۇغۇمنى.

چاچراپ چىققان سۇ ئۈنچىلىرى،
يۈزۈم يۇيار، ئاھ، راھەت — سالقىن.
خىيالىممۇ يۇيۇلدى بىللە،
تۇغۇلغاندەك بولدۇم قايتىدىن!

1967 - يىل 5 - ئاي، دۇڭخەي دېڭىزى ئۈستىدە.

## تىيانشانغا

بۇ ھايات ئېقىنى ساڭا بەردى نام،
زامانلار شۇ تاجىنى تاقاپ كەلمەكتە.

ئانىلار ئانىسى — تىيانشان ئانا،
ناخشىچى ئوغلۇڭمەن — ئۆزەڭنى تارتقان.
ناخشىسىز كېچىپتۇ قاچان بىر كۈنۈم،
مەن ئاشۇ ئۇدۇمنى يوگەكتە تاپقان.

ئانىجان ئاق روھال ھورمىتى ئۈچۈن،
ئانىجان ئاق سۈتۈڭ قىممىتى ئۈچۈن،
سويگۈمنىڭ جامىنى ئىككى قولۇمدا —
تۇتىمەن، ئايىغىڭ بەركىتى ئۈچۈن.

ئۈپەي مەن ئىزىڭنى توتىيا قىلىپ،
بىر جاننى سەن ئۈچۈن مىڭ پىدا قىلىپ،
قارايۈز بولمادىم سىنى خارلىسام،
ئۆتەرمەن ئىشقىڭنى سۇ، ھاۋا قىلىپ.

تىيانشان دەردىمگە بىر ئۆزەڭ شاھىت،
تىيانشان بەختىمگە بىر ئۆزەڭ ھەغدا.



ئاقارغان چېچىمغا قاراپ بىر زامان،
كوزۈڭگە لىققىدە ياش ئالغىنىڭدا:

پۇخادىن چىققىچە دەرت توككۈم كەلدى،
ئالدىڭدا ھوكۈرەپ يىغلىغۇم كەلدى.
تىوت تامنى شۇ دەمدە گۇۋاچى قىلىپ،
ئانا! دەپ بوينۇڭغا ئېسىلغۇم كەلدى.

تىيانشان سەن نەدە؟ ئۇ چاغ مەن نەدە؟
قاراڭغۇ زەي ئويگە بەنت ئەيلىگەن.
ئىشىكىمىڭ سىرتىدا ھۇۋلاپ زىمىستان،
باغرىمنى جەھەننەم ئوتى ئورتىگەن!

چايانغا ئويۇندى، بىزلەرگە قىيىن،
يىگىمنى دەسسەپ تىك تۇرغاندەك بولدۇم.
ھەقىقەت ئاسمىنى، ساڭا تىكتىم كوز،
ھوكىرەپ تۇرغان شىر كۈچىگە تولدۇم.

بىر كېچە...
كوزۈمگە كەلمىدى ئۇيقۇ،
غازاڭلار سارغايغان كەچكۈز ئاخشىمى.
كوچىدىن بىر غېرىپ يولۇچى ئۆتتى،
يۈرەكنى تىترىتىپ، ئېيتىپ ناخشىنى....

دەر ئىدىم: ناخشىنى مەنمۇ ئېيتقانمۇ؟!
شۇلاردەك كوچىدا يۈرۈپ باققانمۇ؟!
ئەركىنلىك!

قۇياشنىڭ ھاياتلىق نۇرى!
سەن تۇگەپ، يوگىمەچ قالغان زامانمۇ؟!

ياخشىلار تەمشەلسە ئۇچاي دەپ ئەمدى،
توسسا ئالدىنى قاپ - قارا بوران.
قاناتلار يۇلۇنسا، سۇندۇرۇلسا ھەم.
بۇ قارا تەقدىرگە ئەقلىم لال - ھەيران.

تىيانشان يىراقتا — سۇكۇتتە ئىدىڭ،
قارلىرىڭ بېلىڭگە چىككەن ئېقىڭدى.
باغرىڭدىن تامچىلار تامچىيتتى بىر - بىر،
بۇ سېنىڭ ئىچىڭدە يىغلىغىنىڭتى.

ئەللەرنىڭ دەردىگە كۆلسە قاي تەلۋە،
ئۆزىگە كېلەركەن تاڭلا - ئەتىسى.
ئەللەرگە خىيانەت قىلسا نائەھلى،
كومۇكسىز قالاركەن ھەتتا قەۋرىسى.

قەھرىلىك پايتەخت تارتقاندا نەرە،
خارابە ئۈستىدە تۇگەشتى ھېرقۇش.
سۇ ئاققان ئېرىقتا ئاقمامدۇ ئاخىر،
تاڭ ئاتماس، يۇلتۇزسىز كېچىلەرگە خوش!

تىيانشان سېنىڭدىن مەشرەپ ئايلانسۇن،
ھەجەپمۇ تۇتقاندى مەشرەپ خۇمارى.
ئۇيغۇرلار مەشرەپكە تۇغۇلغان خەقمىز،
سۇ ئىچەر ئۇنىڭدىن كوڭۇل - گۈلزارى.

مۇقاملار ئەۋجىدە، كەيپىم شىرىسىمان،
كوزۇمنى يۇمغانچە ئاڭلايمەن مەرغۇل.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەقىسمەت، نە ھالنى كوردۇم شۇ تاپتا،
مەن ئېيتاي، تىيانشان ئەي 30 ئوغۇل.

"كوزۇڭ ئاچ!" دىگەندەك كەلدى بىر ئاۋاز،
قارىسام، بىر زاتكى ھىلىلە كوينەك.
ئۆزۈگى تىللا كوز، بوكى تەتىللا،
گۇل يۈزى تاغلاردىن ئۇرلىگەن ئايدەك.

ئىنسانمۇ؟ ئاسماندىن چۈشكەن پەرىزات،
ئالدىدا تىلىممۇ قولاشماس سوزگە.
ئىسمىنى ئۇگەتتى ئامانىسا، دەپ،
مۇقاملار ئىلاھى ئەسسالام سىزگە!

جۇر! دىدى قولۇمدىن كەتتى يېتەكلەپ،
گويا كېك لاچىندەك ئۇچتۇق ئىككىمىز.
بۇلۇتلار ئېقىمى قالدى نەلەردە،
بىلمىدىم، ئەرشمۇ چىقار يېرىمىز.

تىيانشان توپەڭدە ئايلاندۇق تىنماي،
چوغلۇقلار، سەبدەلەر ئېچىلغان تەكشى.
ئاپىرىن ئاسماننى تىرىگەن قارىغاي،
سۇغا - سۇ قوشۇلغان، شوخ شاقىرىشى.

لەپپىدە چوققىلار ئۈستىگە قوندۇق،
مۇقامدىن ئۇسسۇللار، ئۇسسۇلدىن مۇقام.
شىلدىرلاپ كەتسە گەر قوناق شاخلىرى
شۇنىڭغا ئوينىغان ئۇسسۇللار تامام!

1980 - يىل 9 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئۈرۈمچى.

## مېھرىڭ ھەمرايىڭ بولسۇن

بوستانلارنى ئارىلايمەن،
سەر خىل گۈلنى تاللايمەن.
گۈلدەستەمنى تىزغاندا،
يارىم سېنى ئويلايمەن.

ئېلىپ بارسۇن شاماللار،
گۈللەرنىڭ ئىپارىنى.
ئېلىپ بارسۇن تۇرنىلار،
كۆڭلۈمنىڭ باھارىنى.

كەزسەڭ دەشتى - باياۋان،
مېھرىم ھەمرايىڭ بولسۇن.
سەن يىراقتا سېغىنساڭ،
گۈللەر نىگاھىم بولسۇن.

1978 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى.



## چۆلدىكى تاش

— چۆلدىكى جەڭچىلەرگە

ۋاقاس چۆلدە باغرىڭ يالىڭاچ،
ئاپتاپ سېنى كويدۈرەر كۈندۈز.
گاھ توپەكتە ئايلىنار قۇيۇن،
پەسىل ئاتلاپ چىرماپ ئالار مۇز.

ساڭا ئەزىز بولغاچ بۇ دىيار،
چىدامىڭ بار يۇلغۇن سىياقلىق.
تۈن قىزلىرى — يۇلتۇز سىرداشىڭ،
كوز قىسىدۇ قىلىپ ئامراقلىق!

1981 - يىل 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى.
شىنەندىن ئۈرۈمچىگە كېتىۋېتىپ يولدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

## مەجنۇن تالنىڭ تېگىدە ...

مەجنۇن تالنىڭ تېگىدە،
كۈتۈپ قالدىم مەن سېنى.
قولۇڭدا بار قىزىلگۈل،
كىمگە ئۈزدۈڭ سەن ئۇنى؟!

بولۇپ شۇنچە ئىنتىزار،
كۆك ئاسمانغا قارايسەن.
شىلدىرلىغان سۇلاردىن،
يار ۋەسلىنى سورايسەن.

ئايەۋ چىقتى قېيىقتەك،
قىزچاق سېنى سالاي دەپ.
ئاەرىغىڭنىڭ قېشىغا،
ئۈزەم ئېلىپ باراي دەپ.

يارىدىن كۆڭلۈڭ قالمىسۇن،
ئىشلەپ قالدى بۇ كېچە.
ئەل ئۈچۈن توكۇپ تەرنى
ساڭا سۇنار گۈل - غۇنچە.

1979 - يىلى 12 - ئاينىڭ 11 - كۈنى.



## دەريا ۋە ئەۋلات

ئۇچۇرۇپ، سۇندۇرۇپ تاغ تاشلىرىنى،
كېلىسەن، جىلغىلاردا گۈرۈلدەيسەن.
ئۇچارقۇش تەستە قونغان چوققىلاردىن —
كېلىسەن، قىيالاردا ھوكىرەيسەن!

جىگدىلەر ئالا بولۇپ، كەلسە كەلكۈن
كوپىيىپ ئۇلغىيىسەن قىرغاق ئېشىپ.
قاش تېشى، بىلەي تېشى، سەدەپ تېشى،
كېلىدۇ ئېقىنىڭغا تەڭ ئەگىشىپ.

بېشىغا سالۋا تۇماق كەيگەن ئەۋلات،
پۇشقاقنى تۈرۈپ قويۇپ كېچەر سېنى.
نە ئۈچۈن قايناملاردىن پۇتۇن چىقماس،
ساھىلغا تاشقان تۇرسا كىندىك قېنى!

قاش تېشى چاقناپ تۇرار ئالقىنىدا،
ئۆتىدۇ كۆز ئالدىدىن گۈل نۇسخىسى.
ئەجرىدىن قالارمىدى پۈرەكلىمەي
گۈل رەيھان، تاجىگۈلنىڭ بىر قايىسى!

تاش كېسىپ، تاش تاراشلاپ ئۆتكەن پۈشتى،
ئاھ چېكىپ، ياساپ سانسىز غاڭزا، جامنى.

چوگىلەپ جەبرى-زۇلۇم تۈگمەنلىرى
ھەقىقىغە تارتقان يالماپ ئۈستىخاننى.

يورۇغقاش، تولغانسەن، مۇڭلانغانسەن،
سىزىيۇقدە بىللە ئاققان ياش ۋە قانلار.
بويۇقدا جاپاكەشنىڭ گۈلخانلىرى،
راۋابى ساداسىدا مۇڭ-ئارمانلار:

× ×

توسقانىمىش سۇ بېشىنى بىر ئەجدىھا،
يۇتمەن دەيدىكەنمىش يەر-جاھاننى.
مىڭدىن بىرنى ئېيتسا تۈگىمەس دەرت،
تەۋرەتمەك قىيىن بولغان ئەلگە جاننى.

خالايىق چۈشكىنىدە ئەندىشىگە،
بېشىنىڭ ئىچى تېشى تەڭلا قېتىپ.
شۇ دەمدە ئەلى ئاتلىق يىگىت چىقىپ،
دەپتىمىش: يۈرمەك نەدۇر غەمگە پېتىپ.

بۇ يىگىت ئىگىز بويلۇق، گەۋدىلىكمىش،
كۆكرىگى سەكسەن غېرىچ كېلەرمىشكەن.
كوزىنىڭ قارچۇغىدىن يانسا ئوتلار،
يەر-ئاسمان غەيرىتىدىن تىترەرمىشكەن!

ئۇيىدە ئېسىقلىقمىش بىر زۇلپىقار،
بىرگەزلا كېلەرمىشكەن ئۇزۇنلۇغى.
شىلتىسا، يەتمىش يەتتە گەز بولارمىش،
(ھەمرا بوپ ئۆتەرمىشكەن ياز-قىشلىغى!)



قولىنى سۇنۇپ ئەلى قىچقارغانىمىش:
زۇلپىقار-غايىپ قىلىچ، بولدۇڭ لازىم!
ھاۋامۇ گۈلدۈرلەپتۇ، چېقىپ چاقماق،
زۇلپىقار كەپتۇ ئۇچۇپ، دەپ ئەزىزىم!

يول يۈرۈپ باتۇر ئەلى ھەپتە-ئون كۈن،
ئەجدىھا ياتقان تاققا چىقىپتىمىش.
سىنچىلاپ ھەر ياقلارغا كوز يۈگۈرتۈپ،
نەدىسەن ئەجدىھا دەپ تووۋلاپتىمىش.

قىرىق كۈن ئۇخلايدىكەن بۇ مەخلۇقات،
(شۇ كۈنى بىركام قىرىق كۈن بولۇپتۇ.)
بېشىنى كوتەرگەنچە يەردىن ئاستا،
باتۇرغا قاراپ نەچچە سىلكىنىپتۇ.

"ھا!" دەپتۇ، دەم تارتىپتۇ ئېچىپ ئېغىز،
ئەلىمۇ تۇرغان ئىكەن تەييارلىنىپ.
ئاغزىغا تۇتقان ئىكەن زۇلپىقارنى،
ئوتتۇپتۇ جاۋغىيىدىن ئىككى تىلىپ!

ئىككى يۈز سەكسەن غۇلاچ تاسمىسىنى،
ئارتىپتۇ باتۇر يىگىت يەلكىسىگە.
يانغاندا ناغرا چېلىپ ئەللەر چىققان،
تولدۇرۇپ قۇچاقلارنى گۈلدەستىگە.

شۇ كەمدىن تاكى مۇشۇ ۋاقىتقىچە،
چىقتىكى قانچە قېتىم شامال-بوران؟
ۋە لېكىن كەلدى بېسىپ ئەۋلات ئىزىدىن،
سويۇنۇپ تەنگە سىغماي قالار بۇجان!

www.uyghurkitap.com

يورۇڭقاش، سويۇك بىر چاغ پەسلىگەندە،
چاڭقىغان تالاي ئېتىز، مايسا ئۇسسىز.
پەلەكتىن ياھۇر تىلەپ ئۆتكەن ئەجدات،
ئەۋلاتلار يولار ئەمدى كوكتىن يۇلتۇز.

ئويىنتىپ زۇلپىقارنى يۇرۇپ كەتتى،
بىر نىيەت، بىر كوڭۇلدە بولۇپ ھەمدەم.
قىزىلتۇغ لەپىلدىدى سەپ ئالدىدا،
قەدەملەر - چەبدەس قەدەم، مەزمۇت قەدەم.

قوتازلار چىقالمىغان قىيالارغا،
يامىشىپ مەرت يىگىتلەر چىقتى ئورلەپ.
قىسلىسا نەپەسلىرى بەردى چىداش،
ھەي، بۇلار قار لەيلىسى، تۇرغان گۈللەپ.

ئاسمانبوي مۇز چوققىلار، كىبىرلەنمە،
ئېرتەر ئۇلار سېنى سىماپ قىپ، بىل!
ئەي ھاڭلار، چەكچەيمىگىن ئۇنچىۋالا،
كوكسۇڭدىن ئوتكۇزىدۇ نەچچە تونىل!

پەللىدىن چوققىلارغا باستى ئاياق،
ھەر يۇرەك، ھەر تومۇردا جۇشقۇنلاپ قان.
تەبىەت، كورەڭلىمە ئەمدى ئۇنچە،
تۇنۇگۇن كورگىنىڭدەك ئەمەس ئىنسان!

چوققىنىڭ كاللىسىغا ئۇردى قىلىچ،
تىلغاندەك بىر قوغۇننى ئوتتۇرسىدىن.
سۇ كەلدى شىرىن كەلدى، جانان كەلدى،
غەم پۇتتى مايسىلارنىڭ تەشنا سىدىن.

1979 - يىلى 9 - ئاينىڭ 19 - كۇنى.



## ۋەتەن قوشىغى

(باللار ئۇچۇن)

سۇزۇك ئاسمان، كوك ئاسمان
شۇڭقارلار قانات قاقتان.
زۇمرەتتەك تاغ - چوققىلار
ئالتۇن تاجىنى تاقتان.

مۇقام ئېيتىپ دەريالار،
بەختىگە كۇي ياڭراتقان.
مۇنبەت ۋادا، ئېتىزنى،
ئوت يۇرەكلەر ئويغاتقان.

بەيگىلەردە قىز - ئوغلان
مەيدانلارنى بىر ئالغان.
شان - شەۋكەتلىك شۇ ۋەتەن،
بىزنى تاۋلاپ ئۇلغايتقان!

1979 - يىلى 12 - ئاي.

# شوخ باللارغا

بالا بولسا شوخ بولسا،
شوخ بولمىسا يوق بولسا.
خەلق تەمسىلى

بۆگۈن ھاسا تۆتقانلار،
تۈنۈگۈنكى شوخ بالا.
سۇغا كىرگەن، ساي كەچكەن،
ئۇلار كورگەن ئىش تولا.

قۇلىغىدىن سوزسىمۇ،
يىغلاپ ماقۇل دىگەنچە،
چىقىپ كېتىپ تالاغا،
ئويۇن ئويناپ بىلگەنچە.

ئەسكى تونۇر كەينىدە،
سامانخانا ئىچىدە.



بىر باشلانسا موكۇشمەك،
نەدە ئۇيقۇ كېچىدە.

سەھەر تۇرۇپ ئەتىسى،
لاي ئويۇننى باشلىغان.
يېرىم-ياتا خىش-كېسەك،
تامچىلىقتىن ئاشمىغان.

بىر چىرايلىق ئوي ياساپ،
قونچاقلارنى قىز قىلىپ.
كوينەك تىكىپ پۇرۇچتىن،
ئەركىلىتىپ سوز قىلىپ.

"يىغلىما" دەپ بەزلىگەن،
"ئۇسساپ كەتسە" سۇ بەرگەن.
"ئوخلاپ قالسا" قېشىدىن،
بىردەم نېرى كەتمىگەن.

ئاندىن ھويلا — ئارامدا،
ئىگىز تامدىن سەكرىگەن.
تومشۇقلارنى يېرىشىپ،
ھېچكىمگە ۋاي دىمىگەن.

چاڭقىغاندا دوم يېتىپ،
مۇزدەك سۇنى راس ئىچكەن.
پىششىق، توڭنى ئىلغىماي،
قوساق كوپسە بىلمىگەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توخۇ سولاپ تونۇرغا،
سۇ بىلەن دان بەرمىگەن.
ئۇنتۇپ كېتىپ بۇ ئىشنى،
ئەسلىگەندە بىر كۈلگەن.

غالدۇر - غۇلدۇر شامالدا،
دەرەخلەردىن چۈشمىگەن.
يامغۇرلاردا چوپ - چوپ سۇ،
ئۆيگە كىرىپ كەتمىگەن.

ھەسەن - ھۈسەن چىققاندا،
كۆزنى بىردەم ئۈزمىگەن.
چاۋاك چېلىپ چۇقىراپ،
ئۇپۇق سايان يۈگۈرگەن.

بالىلىقنى سۆزلىسە،
جەمى ئىشلار ئەينەكتەك.
ئايان بولۇپ بىرمۇ - بىر،
تۇيۇلىدۇ چۆچەكتەك.

كىچىك ئىدى ئۇلارمۇ،
بۈگۈن كىچىك سىلەرمۇ.
شوخلۇق قىلىش ھەققىڭلار،
شوخلۇق دىگەن گۇنامۇ؟

شوخ بولۇڭلار بالىلار،
ئوت بولۇڭلار بالىلار.



نۇر چېچىڭلار بالىلار،
يول ئېچىڭلار بالىلار.

توخۇ يۈرەك بولماڭلار،
شىر يۈرەكلىك بولۇڭلار.
باقىۋەندە ئەمەستۇر،
ئاتا بىلەن ئانىڭلار.

چىنىقىڭلار پالۋاندەك،
يىقىلساڭلار كېرەك يوق.
يىغلىساڭلار كېرەك يوق،
بىلمىسەڭلار كېرەك يوق.

بىلمىگەننى سورىغان،
سوراپ - سوراپ ھارمىغان.
چىقالايدۇ چوققىغا،
بۈركۈتلەرنى دورىغان!

سىلەر ئەلنىڭ ۋارىسى،
سىلەر ئەلنىڭ ئەتىسى.
سىلەر باغنىڭ چېچىكى،
سىلەر باغنىڭ نوتىسى!

1982 - يىلى 5 - ئاي ئۈرۈمچى.

## ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق!

تەشەككۇر، جان بەردىڭ يەتتە ئەزا ساق،
ھېچكىمدىن كەم ئەمەس، يا قىڭغىر ئاقساق.
توزنىماس، خورنىماس ئەقىل، بىلىمنى،
بۇ تەشنا يۈرەككە سىڭدۈردۈڭ شۇنداق.
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق!

دەم تۇرۇپ يىقىلسام، يۆلىدىڭ كېلىپ،
سەن ئۈمىت ئۈزمىدىڭ ئازلىق دەپ بىلىپ.
"ماڭىسەن بىر كۈنى، قەدەم باسقىن" دەپ،
ئۆمرۈمنى تىلىدىڭ، كەلدىڭ كۈچ بېرىپ.
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق!

ئۇلۇغلۇق بابىدا ئۆزەڭ يېگانە،
ئىسىللىق بابىدا ئۆزەڭ دۇر دانە.
ھەر ئەمنەم، شورىسام، كوكسۇڭ چىشلىسەم،
ۋاي دېمەي بۈركۈتتەك تۇردۇڭ مەردانە.
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق!



چىۋىقنى ئات قىلسام سۆيۈۋەرگەن سەن،
ناخشىلار توۋلىسام كۆيۈۋەرگەن سەن.
بوز ئىچىپ، سۇ تۇتۇپ ئالغاندا خامان،
"ئالقىش ئال، ئوغلۇم" دەپ ئىلھام بەرگەن سەن.
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق!

ئەقىدەڭ بۈيۈكتۇر، رەھمىتىڭ كەڭدۇر،
تەبەسسۇم ئەيلىشىڭ قۇياشقا تەڭدۇر.
يۆلەنسەك تەۋرەنمەس، يىقىلماس تاغسەن،
يايرىساق كەڭ باغرىڭ لالە-چىمەندۇر.
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق!

قولۇڭغا قارىسام قاداقلاردىن ئىز،
ماڭلىيىڭ ئۈستىدە قورۇقلاردىن ئىز.
ئىرادەڭ قاش تېشى، قەلبىڭ يورۇڭقاش،
مېھنەتلىك ئېرۇرسەن، لېكىن مىننەتسىز.
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق!

ئوغلۇڭمەن، نۇر دېسەڭ كۆزلىرىمدىن ئال،
قان دېسەڭ، سۇغۇراي، يۈرىكىمدىن ئال.
كەتمىسە ياشلىقىڭ خوشاللىغىم شۇ،
دېمەسمەن ئۆزەڭگە بولدىغۇ ۋابال.
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق!

سۇ دېسەڭ، ئالدىڭدا كەۋسەردەك ئاقاي،
گۈل دېسەڭ تۇپراقتىن بىخ ئۈرۈپ چىقاي.

مېھرىڭنى ئۇزەمگە قىلىپ سەجدىگاھ،
سېنىڭ ھەق سۆيگۈڭنى كۆڭلۈمدە ساقلاي.
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق!

سەھەردە ئويغانساڭ چولپىنىڭ بولۇپ،
چولپاننى قۇچاقلاپ ئاسمىنىڭ بولۇپ.
گەر ئۇچساڭ قاناتىڭ، يۈرسەڭ پايانداز،
يەلپۈسەم، سۆيسەم ھەم شامىلىڭ بولۇپ.
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق!

چارچىساڭ ھاسا قىل يولۇڭدا ئىشلەت،
سەن سىزغان سىزىقتىن چىقماسەن ئەبەت.
بۈگۈن ھەم تاڭلا ھەم شۇدۇر ئىرادەم،
"ھە!" دىسەڭ "ھۇ!" دەيمەن، شۇ ماڭا راھەت.
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق!

قېرىلىق جىسمىڭغا سالمىسۇن سايە،
تەبەت ھوكۈمىگە ئۇنىڭغۇم كەلمەس.
نەۋرىلەر، چەۋرىلەر، كوكىنەۋرىلەر ....
قولۇڭدا قاتارغا توشۇلسۇن پەۋەس،
ئانىجان، ئانىجان، ياشىغىن ئۇزاق!

1982 - يىل 4 - ئاي، ئۈرۈمچى.



www.uyghurkitap.com

## ئوغلۇمغا جاۋاپ

ئوغلۇم مېنى نوقۇپلا كەتتى،
قىر بېشىدىن لەپپىدە تۇرسام.
چاپىنىڭنىڭ پېشىنى قاققىن،
دىمەكچىكەن سوزىنى ئۇقسام.

گويا ئەمەس گۇدەكلىك، لېكىن —
دىدىم: ئۇنداق دىمىگىن ھەرگىز.
ئانا تۇپراق كىندىك قان تامغان
ئالتۇن بوشۇك تەڭداشسىز پاكىز!

1981 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى.

## پارچە

بولسىمۇ لوقمان ھېكىمچە جۇرئىتى،
يەتمىسە مېھرى گىياغا قۇربىتى.
ياخشى سوزدە سېھىر ئوت بەرسە تىۋىپ،
تاپقۇسى كېسەل شىپالىق نوۋىتى.

1982 - يىل 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنى.

## ئانا يەر

سىنى دىدىم، بىر سىنى دىدىم،
بالا كۇنۇم قۇچاقلىرىدا.
ئۇستۇم، كويدۇم ياندىم ئاتەشتەك،
قىسمەتلەرنىڭ ئۇچاقلىرىدا.

سىنى دىدىم، بىر سىنى دىدىم،
چاچ ئاقاردى قار لەيلىسىدەك.
ئەقىدەمدە سولماس بىر باھار،
گۈزەللىگى گۈل تاجىسىدەك.

سىنى دىدىم، بىر سىنى دىدىم،
بار ئەجرىمنى دەرياغا سالدىم.
"بىلىق بىلگەي، بىلىق بىلمىسە
خەلق بىلگەي" دىدىم،
شاتلاندىم.

1982 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى.



## ماۋزۇسىز

خوش بولارمىش تۇغۇلسا ئوغۇل
دەريالارنىڭ تەكتىدىكى تاش.
تەلمۈرەرمىش:
جۈملە ئەر بولۇپ
كورسەتسە دەپ ماڭا نۇر - قۇياش!

1980 - يىل 2 - ئاي.

## يولدا

يول دىگەن بولۇۋەرمەس تاناپتەك تۈز،
دوخمۇش بار، تولغۇماش بار، داۋان ھەتتا.
لاپ قىلىپ كوزلىرىڭدىن ئوتۇپ كىتەر،
"ئاستا!" دەپ خەت يىزىلغان بەلگە تاختا.

ئۇستامنىڭ ئىختىيارى قانداق ماڭسا،
(بوش ماڭسا، ئىلدام ماڭسا، قاتتىق ماڭسا،)
تىلىگىم: سەپەرچىلەر يامغۇر، قار ھەم
سەكرەتمە تاشلاردا ھىچ پۇتلاشمىسا!

1982 - يىل 4 - ئاي.

# پىل يىغلايدۇ

— "4 كىشىلىك گۇرۇھ" زورلۇق-زومبىلىق قىلىپ، شىشۇاڭبەننا ئورمانلىقىدا بىر پىلنى ئېتىپ تاشلىغان ...

خاتىرە دەپتىرىمدىن

ئەقىللىق پىللارنى ياۋا دىمەڭلار،
جىمىلىققا، تىپچىلىققا ئىكەن بەك مۇھتاج.
كامانغا بەتلەنگەن پەيكانكەن قەھرى .
ھىچ ئانىسي بولماسكەن كۈن-تۈن قالسا ئاچ.

بالىسى يىقىلسا قانغا بويىلىپ،
پەرياتتا بىر ئالار ئىكەن ئورمانىنى.
ھۆكىرەپ شىركەبى، بوتىدەك بوزلاپ،
توپىنى تىلغاركەن بوسۇپ ھەريانىنى.

ھايۋان ھەم ھەسرەتتە چىكەركەن ئازاپ،
نامەرتلەر كىلەركەن ۋەھشى-ياۋايى.
چومۇلە ئۆلمىسە ئاياقلىرىدا،
شۇ تەقدىر،
بىلمىدىم نىمە گۇنايى!

1980-، 1982-يىللار.



# سۇمرۇغ دەرىخى

سۇمرۇغ دەرىخى
قىيادا،
شاخ-شاختا
غۇچچىدە چىچەك-ھال.
ئاستىدا لەيلەيدۇ
ئاق تۇمان،
يول بېشى
ئەرشتە ئېھتىمال.

شۇ شاخلار
راست قانات بولسىدى،
شۇ قانات
مېنىڭدە بولسىدى،
بوراندەك بىر ئۇچسام،
تىرەكتە
ھۇقۇشلار
كوز تىكىپ قالسىدى!

1980-، 1982-يىللار، كۈنمىك-ئۈرۈمچى.

## تاك ئاقاردى

— ئوغۇللىرىم دىلشات، دىلمۇراتقا

قۇچاقلىدى بويۇمنى ئوغلۇم،
يېنىپ تۇرغان كوزلىرى يۇلتۇز.
چاچ ھەققىدە قويدى بىر سوئال،
ئەسكە چۈشتى، بىر قارا قۇندۇز...

ئاھ، جىگىرىم - باغرىم، ئومىغىم،
سوراپ قالدىڭ، بوپتۇ خەيرىيەت:
بىر بېشىمدا كويگەن نەچچە ئوت،
ئەل بېشىغا چۈشكەندە كۆلپەت.

چاچلىرىمنى ئاقاردى دىمە،
تاك ئاقاردى دىگىنىڭ تۇزۇك.
ئىشەنمىسەڭ سۇبھىگە قارا،
ئەنە شۇنداق ئاپپاق ۋە سۇزۇك.

1976 - ، 1979 - يىللار.



## ماڭا قەلەم بېرەمسەن

خوشنىمىزنىڭ نەۋرىسى،
ئەتىمىزنىڭ خوجىسى،
كىچىككىنە ئېلىجان
ھويلىمىزنىڭ غۇنچىسى.
يۈگۈرۈپ كەلدى پىلتىڭلاپ،
ئىشقا ماڭسام ئەتىگەن.
قىلىغىغا مەس بولدۇم،
مانا مېھرى ئوت دىگەن!

دەس كوتەردىم زوقلىنىپ،
كۆلۈپ كەتتى خوش بولۇپ،
سوز قىلىشقا تەمشەلدى،
بولەكچىلا روھلىنىپ.
تاتلىق، چۈچۈك سوزىنى
ئاڭلاي دەيمەن دىققەتتە.
— ماڭا قەلەم بېرەمسەن،
دەپ تەلپۈندى ئۈمىتتە!

ئۇيغۇر كىتاپ تورى
www.uyghurkitap.com

دىدىم شاتلىق ئىلكىدە:
— قەلەم سەندىن ئايلانسۇن.
ئاندىن بەردىم قەلەمنى
دەپ ئارزۇسى بىر قانسۇن.
بۈگۈن تۇتسا قەلەمنى
سىزىق سىزار ئورۇنسىز.
ئەتىكى چوڭ قىسسىلەر
پۈتمەس لېكىن بۇنۇڭسىز.

1979 - يىل 5 - ئاي.

## ماۋزۇسىز

ئەل ئۇچۇن نەمۇنە گۆھەرلەر قالدۇر،
ئەتە يا ئۇگۈن دەپ يۈرۈشۈڭ نەدۇر؟!
بۈگۈننى بىھۇدە ئۆتكۈزمە، پەملە
تامچە سۇ بولسا، تال كوكۇرەر بالدۇر!

1980 - يىل 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى.



## دېڭىز ئۇستىدىكى چۇش

يۈرەرمىشمەن دېڭىزدا تەنھا،
ئايىغىمدا كوپۈكلەر ئاپپاق.
شوخ دولقۇنلار ئوينىشار ئىمىش،
ماڭا سىرداش چايكىلار ئويغاق!

سۇ تەكتىگە كوز تىكەرمىشمەن،
كورۇنەرمىش بارچە مەۋجۇدات.
بىر سەدەپنى كورۇپتىمىشمەن،
ئېچىلغانمىش نۇر چېچىلىپ يالت.

ئاستاغىنە چىقىپ كېلەرمىش،
ناز-كەرەشمە ئىچىدە جانان.
كەيگەن ئىمىش ئاق لىباسىنى،
ناخشا ئېيتىپ قاراپ مەن سايان.

مەس بولبۇلدەك ئاڭلارئىمىشمەن،
كويدۇرەرمىش ئىشق يالقۇنى،
كەتكەنمىشمەن ئىچكىرلەپ ئۇزاق.
مۇھەببەتنىڭ بولۇپ يەلكىنى!

1981 - يىل 4 - ئاينىڭ 23 - كۈنى.

## جىلغىدىن چوققىلارغا

ئالدىمدا ئىز چۈشمىگەن قويۇق چاتقال،
تىكىلگەن ئىرادەمگە سىناق كوزى.
كېلىمەن ئىلىم - پەننىڭ جىلغىسىدا،
يولچىمەن، تەر تۆككۈنۈم بەختىم ئۆزى.

تۈز يولنى چۈشەكەشكە بېرىلمەيمەن،
ئەزەلدىن بولغاچقا يول ئەگرى - توقاي.
داۋانلار پەسلىتەلمەس جۈرئىتىمنى،
چېلىشىپ مۈشكۈل بىلەن قانداق قاناي؟!

چىللىماك باغ سەيلىسى ئۈچۈن مېنى،
ئەمەسكى ۋاقتىم كىمخاپ ئارتۇغى بار.
كەشپىيات ئىشقى دىلنى ئورتەپ تۇرسا،
قانداقچە ئۆزگە ھەۋەس ئەتكەي خۇمار.

ئىلىم - پەن لەيلىسىنىڭ مەجنۇنىمەن،
تىنمايمەن ۋىسالىغا يەتمىگۈنچە.



تەلمۈرتۇپ بىر قارايدۇ، ئىككى كۆلۈپ،
ئۆمرۈمنى ئاڭا سەرپ ئەتمىگۈنچە.

كوڭلۈمنى تاپشۇردۇم بۇ مۇھەببەتكە،
سۆيىدە ئاقسام ماڭا بەخت شۇنچە.
ئوتىدا كويسەم ماڭا راھەت شۇنچە،
نەدىكەن جانان، جاندىن كەچمىگۈنچە!

ئىزلىنىش — ھاياتىمنىڭ خوشاللىقى،
تىرمىشىش — قان - قېنىمغا سىڭگەن ئادەت.
ئاقلىسام يىگەن نانىنىڭ پىيىزىنى،
ۋەتىنىم "ئۇھ!" دەر ئىدىم شۇندا پەقەت.

شۇ سەۋەپ، يۈرەك ئوتۇم لاۋۇلدىغان،
يۇلتۇزلار ئۇچقىنىدىن يارالغىنى.
شۇنداقتا، ئاخىر باسماي قويارمەنمۇ،
گىدەيگەن چوققىلارنىڭ گەجگىسىنى!

1979 - يىل 1 - ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەلپۈندى كۈندىن-كۈن ئالەم سىرلارغا،
ئىزلەندى ئۆزىچە، يۈرمىدى تىنچ.
لەگلەكتىن ياسىدى ئۆزىگە قانات،
ئۇنىڭدا توسقىلى بولماس غالىپ كۈچ!

نەخەتەر، نەجاپا كورۈنمەس زىنھار.
شاخلارغا چىققىنى بۇنىڭ مىسالى.
كورۇپ تۇر، تاڭلا ئۇ چىقار يۇلتۇزغا،
قاناتسىز ئەمەستۇر پەرزەنت خىيالى!

1980-يىل 2-ئاي.



## شاخلاردىن يۇلتۇزلارغا

دەرەخكە ئىلىنىشىپ قاپتۇ لەگلەك،
ئىنچىكە شاخلارغا يامىشار بالا.
چۈشكىن! دەپ قىلاركەن قول ئىشارىسى،
يۈرىگى سىقىراپ تەر باسقان ئانا.

ئەي ئانا، سەن تۇنجى پەرزەنت كورەردە،
ئارزۇيىڭ ئۇغۇلدى، تۇغۇلمىدى قىز،
بۇشۇكتە ئۇلغىيىپ، تۇرغاندا دەم-دەم،
بىر پاخلان بولدىكى شوخ ۋە تىنىمسىز.

ئۇگەندى سوزلەشنى "ئانا" دەپ چۈچۈك،
بېشىدا كوتەردى ئۇنى ئانا يەر.
قىزىقتى، كۆزەتتى شۇ ئوتكۇر ئوغۇل،
تۇپراقتىن تا ئاسمان، قۇياشقا قەدەر.

"نىمىشكە ئۇنداق؟!" دەپ ياغدۇردى سوئال،
"بىلمەيمەن!" نەقەدەر ئاسان جاۋابىڭ.
تۇرامدۇ كىيىكتەك مولدۇرلەپ قاراپ،
قۇيۇلسۇن قەلبىگە بىلىم-شارابىڭ!

## ئەيىپ ئەتمەڭلار

ياش تالاشسا ئەيىپ ئەتمەڭلار،
ياشلىق دىگەن ئۇمۇر يۈرىگى.
غەيرىتى بار سانايدۇ يۈلتۇز،
گورگە كىرەك ئادەم ئۇلۇگى.

قەدىناسلار چاخچاق ئۈستىدە.
ياش تالاشتى، ياشلىق تالاشتى.
ئۈزۈپ بولماس ياشلىقتىن ئۈمىت،
لىكىن كىملەر نىمە ئۈيلاشتى؟!

ئەل ئازادە، كوڭۈل ئازادە،
شاتلىق بىلەن ياشاردى بۇ جان.
توي كەينىگە ئۇلاندى مەشرەپ،
قىزىلگۈلگە ئوخشار ھەرمىھمان.

كۈمۈش چاچلىق مويسىپىت ئۇلار،
دىلى ئوچۇق، ھۈنەرلىك قولى.
ئايىغىدا كورسەن جەننەت
ئەل سويگەچكە ئوچۇقتۇر يولى.



ياش قىرىتماس كىشىنى ھەرگىز،
تىز يىپپىشار ھاسىغا ھورۇن.
ھەزەر ئەيلە ئۇلەرمەنلەردىن،
ئۆلگەن تۇرسا ئۆلۈشتىن بۇرۇن.

سۇ ئاقاركەن، ئۇمۇر ئوتەركەن،
دات يېرلاتماس لىكىن كەشپىيات.
بولسا سەندە يىگىتلىك جىگەر،
يىللار دۈلدۈل، ئىغىر يۈكنى ئارت.

مەرت يىگىتكە ياغىدۇ ئالقىش،
نامەرتلەرنى كومىدۇ قاغىش.
چوغ يۈرەكلەر ئىسستار ئەلنى،
باغرى مۇزدا بولماس ئىنتىلىش!

ھايات ھوسنى — دىلبەرنىڭ نازى،
ياشىغانچە گۈزەل تۈيۈلار.
ئىجات بىلەن گۈل قىسمىغۇنچە،
يۈز قىزىرىپ ئادەم ئۇيۇلار.

ئىنتىلىدۇ باھارغا تۇرنا،
ئىنتىلىدۇ ياشلىققا يۈرەك.
كىمكى يۈرسە ئاخىرغىچە تىك،
ئاشۇ بەخت بىلەن قوشكىزەك.

1978 - يىل 12 - ئاي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئالما

پايتەختتە كەزدىم رەستىنى،
گۈپۈلدىدى ئالمىنىڭ ھىدى.
سورىۋىدىم ئالما ساتقۇچى،
ئىپتىخاردا "ئىلىنىڭ!" دىدى.

خىيالىمدا بولدى نامايەن،
ھور ئىلىمنىڭ يىراق چېگرىسى.
ھەر كوچەتكە مېھرى سۇ ھەم نۇر،
باغۋەنلەرنىڭ خوشال چېھرىسى.

1974 - يىل، غۇلجا



## تاغلارنى قۇچاقلاپ ...

ئىنسانىنىڭ غۇلىچى چەكلىكتۇر، لېكىن،
تاغلارنى قۇچاقلاپ بولماس دىمىگىن.

سائادەت بىر قىيماي خەيرلەشكەندە،
يۇلتۇزدەك كوزۈڭدىن ئەگمەنتى ياش.
ئېھتىمال، كۆنلەرنى ساندىك بىر - بىر،
قەلبىڭدۇر كەڭ ئاسمان، سويگۈم بىر قۇياش.

مەن ساڭا تاغلاردىن يازدىم تۇنجى خەت،
لىپاپنى ئاچقىچە تىترەر شۇ قولۇڭ.
ئويلارسەن: نىمىلەر يازدىكىن خەتكە،
ئەۋۋەلەن كەچۈرۈم سورار بۇلبۇلۇڭ.

ئۇندا يوق بىرەر سوز سويگۈگە تالىق،
باشقا بىر زىبانى تاپتىمۇ دىمە،
كوڭلۈمنى چۈشەن ھەم لەۋزىمگە ئىشەن،
ئەقىدەم، مېھرىمدىن رىشتىڭنى ئۈزمە.

ئۇزەڭگە ئايانكى، مۇخبىرلىق كەسپىم،
تەييارغا ھەييارلىق نەقەدەر ئىزا.

شۇ ۋەجىدىن چولدىمەن، قايىنام ئاپتاپتا،
شۇ ۋەجىدىن تاغدىمەن، جاپاغا رىزا.

گىلاڭ تاغ①، سەرۋەك② دەپ ئىشتىكەنمىدىڭ،
سەكرىشىپ ئۆتىشەر ئورماندا جەرەن.
ياتىدۇ قوي - پاخلان يۇلتۇزدەك بۇندا،
چوققىلار كوك مۇزلۇق، جىلغىلار چىمەن.

تاغلاردىن كۆن چىقىپ، تاققا پاتقىچە،
يانباغرى، قىيادا سوھبەتلەر شىرىن.
تۇتەكلىك چوققىغا چىقتىم قانچە رەت،
ئۈچ يىلپىز يوقاتقان ئاندا بىركېلىن ...

بۇ تاغلار سۈت بەرگەن ئاشۇ مەرتلەردىن،
ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ — ئوزەمنىڭ باغرى.
ئويلىما، دىمەككى غېرىپسىندى، دەپ،
كوڭلۇمنى بەرگەچكە — كوڭلۇمنىڭ قەدرى.

كەچ كىرىپ ئەتراپقا چۈشسە قاراڭغۇ،
ۋاللىدە يورۇيدۇ ئوي بېسىپ چىراق.
شەمشىۋا تەركىپتىن باشلىنار مەشرەپ،
مېھمانىمەن، يۈزلىرىم قىزىرار بىراق.

پوتىنى كىم ئالسا ئويناركەن ئۇسۇل،
قولۇڭنى كوكسۇڭگە ئالغىنىڭ بىكار.

①② قۇمۇلدىكى تاغلار.



ئۇسۇلسىز ھاياتنى دىمەسكەن ھايات،
جۇرئەت ۋە جەۋلانغا مەيدان ئىنتىزار.

ئەمدىكى بوغۇنلار يەر دەسسىگەندە،
قولىدىن يېتەكلە، قەدەم ساز بولسۇن.
ئۆگەنسۇن، ئوينىسۇن، تاڭ قالسۇن ئالەم،
ئىچىگە ئوت سالغىن — ئىشقىۋاز بولسۇن!

شۇنداق بىر ئىمكاننى قىلغىلى بەنا،
قانچىلىك يۇلتۇزلار كوچتى بىلەمسەن؟!
ئاداققى نۇردىنى چېچىپ بۇ يولدا،
قانچىلىك گۇلخانلار ئوچتي بىلەمسەن؟!

تاغچىلار ئاتىسى — مېنىڭ سىردىشىم،
ماڭا بىر شۇڭقارنى قىلار تەرىپات.
كومىدۇ خىياللار دولقۇنى مېنى،
قالىدۇ ياش ئەگىپ كوزۇمدىن پات - پات.

بوراندەك ئاتلارغا مىنگەن جەڭچىلەر،
بۇ يەردىن ئوتۇشكەن سۇبھى ئاقىرىپ.
تاغ - تاشلار ئىچىدە يالتىرىغان قىلىچ،
يىلپىزلار چىقىرىغان دات - پەريات سېلىپ.

كوچمەنلەر كوچۇشكەن تاغدىن تاغلارغا،
ئوقلارنىڭ ئاۋازى تىنچىماي كەتكەن.
ئەتىگەن شەبنەمدە، يول بىلەن ئوتسە،
نەدىدۇر ئات كىشنەر، بوۋاي ئىشتكەن!

ئاھ! ئەنە، دانكۇدەك ئەزىمەت ئوغلان،
خادا تاش ئۈستىدە قىيسىيىپ قالغان.
نىمىشقا يۈمىدى كىرپىك، دىسەڭلار
تارتىشىپ تۇرغىنى ۋەتەن - كوك ئاسمان!

كوك ئاسمان، كوك ئاسمان، كوردىڭمىكىن سەن،
ئوغلۇڭنىڭ ئوغۇللۇق ئاتەش مېھرىنى.
ئوتقا ھەم، سۇغا ھەم كىردى سەن ئۈچۈن،
قانداقمۇ ئۈزگەي ئۇ كوڭۈل رىشتىنى.

قارىغىن كىرىشىپ كەتكەن بارمىقى،
ئىلكىدە بىر ئۈزەڭ بەرگەن يارىغى.
ئوڭ قولدا مەجنۇندەك قۇچاقلاپ تۇرغان،
بۇ تاغلار — لەيلىسى، گۈزەل ئارمىنى.

ئىسمى كىم جەڭچىنىڭ، يۇرتى قەيەردىن،
نەدىدۇ بىر تۇققان - قېرىنداشلىرى؟!
ئوغلىدەك ئۇن سېلىپ يىغلىدى بوۋا،
ئېتەكنى ھوللىدى ئاققان ياشلىرى ...

چوڭ - كىچىك گۈمبەزلەر بولار جاھاندا،
يىل ئوتسە ئورۇلەر يامغۇر - بوراندا،
ئاسمان گۈمبىزىگە كىرگەن جەڭچىنىڭ
گۈمبىزى ئورۇلگەن قاچان - قاچاندا؟!

ھەر باھار ئەركىلەر يېڭى گۈل - چېچەك،
يامغۇرلار توكۈلەر - توكۈلەر كوز ياش.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شاماللار ئوتىدۇ ھەر تاغدا سويۈپ،
چاقماقلار يالتىرار قىلىچى ئوخشاش.

شۇ جەڭچى تاغلارنى قۇچاقلاپتىكەن.
جەڭچىنى، تاغنى ھەم قۇچاقلار ئىشقىم.
ياشىسام دۇنيادا مەيلى قانچىلىك،
ئاشۇنداق ياشىغۇم كېلەر ئارمىنىم!

1979 - يىل 12 - ئاينىڭ 24 - كۈنى.

## كايىما ئانا!

دەرىزەمنى چېكىپ ئانىجان،
— ئوخلا! دەيسەن كېچىدە نەچچە.
ماقۇل دەيمەن،
ئىشقا بەنت بولۇپ
كوز يۇممايمەن لېكىن تاڭغىچە.

ئەتىكى تاڭ — سۇبھى ئىشقىدا،
مىسرالارنى تەخلەپ تىنىمسىز،
ئاققۇزىمەن تارام - تارام تەر،
ياشاش مۇشكۈل ماڭا ئۇنىڭسىز!

چارچىدى دەپ كايىما ئانا،
مۇكچىيەرمەن بەلكى ئىجاتتا.
ئەل ئالدىدا قانداق يۈرگەيمەن،
گۈل كەلتۈرمەي ئوتسەم ھاياتتا!

1979 - يىل 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى.



## ئەينەك يەكلىسە ...

تاش ئەينەككە قارىدى چوكان،
چاچلىرىدا بىرە - بىرە ئاق.
خىيال سۈردى: ياشلىق پەرىدەك
غىل - پال ئوتۇپ كېتىپتۇ شۇنداق.
تـوۋا دىدى: ئەينەك دىگەنمۇ
يەكلەيدىكەن يەتسە نوۋىتى.
بۇغۇ مەيلى،
ئەل يەكلىمىسۇن،
ئۇندىن ياخشى ئەجەل شەربىتى!

2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى.

www.uyghurkitap.com

## پەشتاق

بۇ يىل يازدا قۇمۇلدا بولغان ۋاقتىمدا، بىر كېچىسى، قەدىمي بىر پەشتاق مەنزىرىسىنى تاماشا قىلغان ئىدىم...

ئاي - ئايدىڭ ئالدىمدا بىر قەدىم پەشتاق،
سۇس - غۇۋا كورۇنەر يېشىل قۇببىسى.
قېشىدا ئەسىرلەپ ياشىغان سىدە،
شىلدىرلار،
بۇ گويا ئانا ئەللىسى.

ئەللەيلەر ئۇزۇن بىر ياز كېچىسىدە،
ئاستىلاپ چاڭلارنى سۈرتكەندەك بۇ دەم.
ياندىكى سوقما تام سوڭداش باغلاردا،
توكۇلۇپ چۈشمەكتە ئاخىرقى جۈجەم.

1982 - يىل 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنى



## ئانا!

توقسەنگە ئۇلاشتى،
كوزى خىرەلەشتى،
تونۇمايدۇ گايىدا سېنى،
سېنى چاقىرماقچى بولۇپ
چاقىرىدۇ باشقا بىرسىنى،
باشقا بىرسىنى چاقىرغاندەك.

توقسەن ياز،
توقسەن كۈز،
توقسەن قىش،
توقسەن ئەتىياز،
ئۆتۈپ كەتتى
ماڭلىيىغا ئىز سېلىپ،
ئۆتۈپ كەتتى سۇدەك
ئەمدى،

تېتىكلىگى يوق
بۇرۇنقىدەك.

كورپىدە ياتار،
ئىشىككە قارار،
سەن كەلمەسەڭ بىر كۈن
كوڭلى يېرىم بولار،
كوزىگە ياش ئالار،
كىچىك بالىدەك.
ھەي!
جاھاننى ياشاپ تۈگىتىپ قويدى
ئەمدى مېھماندەك!

كوڭۇل نازۇك نەرسە،
كوتىرەلمەس گەپنى
سۇ - مىسقال تومۇرنى كوتىرەلمىگەندەك.
شۇڭا
تاشلىما ئۇنى،
ئۇنتۇما ئۇنى،
يوقلا!
تاتلىق بىلەن!
ئاچچىق - چۇچۇك بىلەن!
ھالداش،
مۇڭداش،
ئوغلى بولمىسا ئوغلى بول!
قىزى بولمىسا قىزى بول!
يۇيۇپ قوي،
چاچلىرىنى تاراپ قوي،
دۇمبىسىنى سىلاپ قوي،



پۇتىنى تۇتۇپ قوي،
شۇنداق قىلساڭمۇ
بىر كېچە بەرگەن سۈتى ھەققىنى
تولىيەلەمسەن
بولۇپ پاي - پېتەك!

ئۇ بولمىسا
سەن قېنى؟!
مەن قېنى؟!
9 ئاي
9 كۈن
9 سائەت
9 دەقىقە،
كوتەرگەن بىزنى قوسىقىدا،
ئاش ئىچىپ،
نان يېيىپ،
كىر يۇيۇپ ...
يول يۈرۈپ،
جاھان لەرزىگە كەلگەن تولغىقىدا ...
چاقماق چاقنىغاندەك،
بوران گوكىرىگەندەك!

بىز!
ئۇنىڭ بەختى،
ئاررزۇسى ئىدۇق،
بۇگۈنى،

ئەتىسى ئىدۇق.
بىز!
ئۇنىڭ قايتا تۇغۇلۇشى ئىدۇق،
ئوغۇل بولۇپ،
قىز بولۇپ.
بىز!
ئۇنىڭغا ئوخشىدۇق:
كۆزىمىز ئوخشار،
قېشىمىز ئوخشار،
بۇرنىمىز ئوخشار،
ئاغزىمىز ئوخشار،
گۈل - گۈلگە ئوخشىغاندەك.

كۆزنۇرىمىز،
قارا چېچىمىز،
قېنىمىز
ئۇنىڭ ئىدى، ئۇنىڭ...
خۇددى سۇنىڭ بېشى بولغاندەك.

ئىنسان
ھەم ئەقىللىق بولار،
ھەم نادان
كۆيەر بالىسىغا،
كۆيمەس ئانىسىغا.
ئانا كۆيەر بالىسىغا:
سېنى ئاسماندا ئۇچسا دەيدۇ،



دېڭىزغا شۇڭغۇسا دەيدۇ،
تۆھپەڭنى كۆرۈشنى تىلەيدۇ
شەيخ جەينامازدا تىلىگەندەك.

تاپسا
بىر تال كەمپىت،
بىر تال ئالما،
گېلىدىن ئۆتمەس،
يالغۇز يېگۈسى كەلمەس
سېنى يەۋالسۇن دەيدۇ،
سېنى ئورۇقلاپ قالمىسۇن دەيدۇ،
كەپتەر باچكىسىنى ئاسرىغاندەك.

توقسەنگە ئۇلاشتى،
قۇلىقى ئېغىرلاشتى،
چىشى چۈشكەن،
بېلى ئېگىلگەن،
بېشى ئاغرىيدۇ،
پۇتى سىقىرايدۇ...
لېكىن،
تۇرغىسى كېلەر،
يۈرگىسى كېلەر،
ھاسىسىنى تاشلىغۇسى كېلەر،
يۈرگىسى كېلەر ياش، قىرانلاردەك،

يەر ئايلىنار،
ۋاقىت ئۇچار،

بۇگۈننىڭ بوسۇغىسىدا
ئەتە ساقلاپ تۇرار،

شۇنداق،
قېرىدىمۇ بارچە:
ئادەممۇ،
دەرەخمۇ،
قۇشلارمۇ ...

1983- يىلى 2- ئاي، ئۈرۈمچى.



## پارچە

مۇھەببەتتىن سورىدىم:
ماشايىغىڭ كىم؟!
چىن ئىشەنچتىن سورىدىم:
چىرايلىغىڭ كىم؟!

بىرى دېدى: مۇھەببەت!
بىرى دېدى: چىن ئىشەنچ!

1982 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

## ئۇسما

ئەتىسگەندە، كەچلەردە،
ئۇسما ساتىمەن دەيدۇ.
قۇشتەك چىقىپ ئالدىغا،
قىزلار ئالىمەن دەيدۇ.

ئۇسما قويۇپ ئەينەكتە،
سوغاق سۇدا چايقايدۇ.
شۇۋى قەدىرى بۇ كېچە،
يەڭگىلىرى ساقلايدۇ.

1983 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى.



## چاشقان شۇنداق دەيدىكەن...

ھەسسەم بارغۇ، ھەسسەم بار،
دېگىنىزدىمۇ ھەسسەم بار.
يەتكەن ئاڭا ئايىغىم،
دولقۇنلاتقان مايىغىم...

1983 - يىل 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى.

## تەر

بىر تامچە،
ئىككى تامچە،
ئۈچ تامچە....
توكۇلەر تەرلەرنىڭ بىھىساپ.
كورمىدى كىشى دەپ، بۇرادەر
يۇرمىگىن ھەر كىمگە كوپ قاخشاپ.

باسساڭ سەن ياخشىلىق موھرىنى،
يۇيالماس يامغۇر، قار شىددەتتە.
مەن كورگەن، بۇگۇنگە شاھىتمەن،
ئۇ كورەر تاڭلا كۈن ئەلۋەتتە!

1983 - يىلى 1 - ئاينىڭ 8 - كۈنى.



## چىخ بوستان

چىغلارغا قونۇپ،
توپىغا ئېغىناپ،
سايرايدۇ تورغاي،
زىمىستاندىن،
تومۇزدىن قورقماي،
چولنى كۇيلەيدۇ،
ئېزىتقۇدىن سۇ تەلەپ قىلماي.
ئۇز ئۇيىنىڭ خوشلۇغى شۇ،
پۇت - قولىنىڭ بوشلۇغى شۇ!

1983 - يىل 2 - ئاينىڭ 23 - كۈنى، كېچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تاش ئادەملەر

بەزىلىرى ئوقيا چەنلىگەن،
بەزىلىرى ساپان ھەيدىگەن،
بەزىلىرى يانپاشلاپ ياتقان،
تاش ئادەملەر بۇ،
سادا بۇ،
تەۋەررۇك بۇ،
ئەسىرلەپ توپا ئاستىدا قالغان!

ئۇزاق ئۇخلاپ،
بىزار بولۇپ ئۇيقۇدىن،
ئويغاندى ئەمدى،
سىلكىپ توپىنى،
رۇسلاپ قەددىنى!

بۇ دەقىقىدە،
ئۇلارنى
مەن كورمەكتىمەن،
سەن كورمەكتىسەن،



ئۇ كورمەكتە،
تۇيۇلىدۇ بىر ئۇزۇن چۈشتەك،
بىر ئۇزۇن رىۋايەتتەك؛
چۈش
ئۇزۇنغا سوزۇلغان،
ئۇزۇندىن - ئۇزۇن....

1983 - يىل 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئۈرۈمچى.

## ئەدىقۇت يوللىرى

بالا ئىدىم،
شامال يالاپ كەتكەن
سېپىل تۇۋىدىن،
ئەلمىساقتىكى ئۆيلەر ئالدىدىن،
ۋەيرانىلىقتىن
شۇ يوللاردىن ئۆتكەنمەن
قانچىمۇ - قانچە.
ياز كېچىلىرى
ئىشەككە مىنىپ يېنىچە.
پاقىلارنىڭ كۇرۇلداشلىرى،
تومۇزغىنىڭ چىرىلداشلىرى،
كەسلەنچۈكنىڭ يۇگۇرۇشلىرى،
ھەممىسى،
يادىمدا ھەممىسى.
ئەجەپ سېغىنىدىم
چاڭ - توپىلارنى،
توپا ھىدىلىرىنى،
قۇملار ئۈچۈپ.



قالمىغاندۇ بەلكى
ئىزلىرىم.
يۈرىكىمدە بىر ئوت تېخىچە،
يۈرگۈم كېلەر،
يالاڭ ئاياق،
پۇشقاق تۇرۇپ
ئۇپۇققىچە!

1983 - يىل 2 - ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## تۇرپان قەسىدىسى

بىر يوقاپ بىر كورۈنگەن ئاق يەلكەندەك،
قەلبىمدە بالىلىقنىڭ كولەڭگىسى.
كارىزچى ئاتا ئېيتقان بىر رىۋايەت،
بولغاندى تەسەۋۋۇرۇم سەرەڭگىسى.

قۇم تاغلار ئارقىسىدا جەزىرىدە،
بار ئىمىش ھاسان شەھرى — غايىپ شەھەر.
ئاقارمىش بىر ئېرىقتا قايماقلىق سۈت،
ئاقارمىش بىر ئېرىقتا شەرۋەت - شېكەر.

بار ئىمىش ئۇندا گۈزەل ھەيۋەتلىك كول،
ناخشىلار كول ئىچىدىن چىقار ئىمىش.
سۇچىلار ئەتىگەندە سۇ تۇتقاندا،
سويۈنۈپ، ھوزۇرلىنىپ ئاڭلار ئىمىش.

ئۇلاردىن نەپىس بەلەن كۆي ئاھاڭلار،
تارارمىش ئەل ئىچىگە چاقماقتەك تېز.
يالقۇنلۇق ناخشىلارنى ئېيتار ئىمىش،
شۇ سەۋەپ تىلى چىققان ھەر ئوغۇل - قىز.



ئانىلار ناخشىلارنى ئۆگەتكەندە،
ئاتىلار چىلىپ دۇتتار قىلغان تەڭكەش.
ئەسىردىن - ئەسىرلەرگە كىرىپ بارغان،
توختىماي داۋاملىشىپ مۇشۇ ئۇركەش.

ئۇتتىكى قانچە ۋاقىت - قانچە مىڭ يىل،
سوراڭلار جاھانشۇمۇل قازىملاردىن.
سوراڭلار يېپىشىل يۇرتىنىڭ ئەڭگۈشتەرى
ئالتۇندەك چاقناپ تۇرغان يازمىلاردىن.

تېرىدە، مەڭگۈ تاشتا، قەغەزلەردە،
تاختىدا، مىڭ ئويلەردە قەدىم ھەرپ.
كىتاپتا، پۈتۈكلەردە، بىزەكلەردە،
ئەقلىنىڭ دۇردانىسى بولغان سەرپ.

ئەقلىنىڭ دۇلدۇلىنى ئويناتقانلار،
كۈنلەرنى ئۇتكۈزەتتى ئات ئۇستىدە.
بوشوكتىن ئايرىلغانكى ئوغۇل يا قىز،
بۇلاتتى ئات مىنىشنىڭ ھەۋىسىدە.

ئېگەرلەر، يۈگەن - نوختا، ئۈزەڭگىلەر،
ئالتۇندىن، كۇمۇشلەردىن نەقىشلەنگەن.
يۇپۇقلار ئوخشار ئىدى رەڭدار توزغا،
ۋادىنىڭ گول - چىچىگى كەشتىلەنگەن.

مۇقەددەس بىلىپ ئاتنى مىنىپ مەھكەم،
ئوۋ قىلىپ يامىشاتتى چوققىلارغا.

بوراندەك يول باساتتى كوز ئاچقىچە،
چۈشەتتى چوڭقۇرلارغا - ۋادىلارغا.

باتۇرلار قويۇلغاندا قەۋرىلەرگە،
بىللىلا كومۇلەتتى ۋاپادار ئات.
سەيياھلار كورگىنىدە بولۇپ ھاڭ - تاڭ،
دېيىشكەن: ئات ئۇلارغا بولمىش قانات.

شۇ ئىزلار يۇلتۇزلاردەك ئوچكىنى يىۋق،
يارغولدا، ئاستانىدا، بىزەكلىكتە.
كورۇنەر ئەپسانىۋى مەنزىرىلەر،
بۇ بۇيۇكلۇك ئۇرغۇپ تۇرغان گوزەللىكتە....

باق ئەنە! يارغولدىكى قەدىم شەھەر،
كوك كەپتەر ئاسمىنىدا ئۇچقان ئىگىز.
توۋەندە چوڭقۇرلاردا شارقىراپ سۇ،
بەلكى بىر قىسسە سوزلەر شوخ، تىنىمسىز.

زامانلار سەلتەنەتى — قەدىم يوللار،
رەستىلەر، قەدىم ئويلەر، قەدىم ئوچاق.
شاھانە قەسىر، ساراي، قەلئە، قورغان،
تۇرۇپتۇ جانلىق موزېي بولۇپ شۇنداق.

بۇندىكى ھەتتا ساپال سۇنۇقلىرى،
رەڭگىنى يوقاتمىغان ھازىرقىدەك.
ئىجاتنىڭ، كەشپىياتنىڭ يالدامىسى،
ھەر بىر تاش، گۇل چىكىلگەن ھەر بىر كىسەك.



تەكلەرنى بەنا قىلىپ ساي - سايلاردا،
ئاسماننى ئورنەك قىلىپ باراڭ سالغان.
ئۇزۇمى يۇلتۇزلاردەك بىھىساپتۇر،
شەرۋىتى تىل دىگەننى چاك - چاك يارغان.

شاماللىق توپىلەردە، چۇنجىلەردە،
ھەيۋەتلىك گوزەل مىگىبىر دەرىزە بار.
شۇ يوسۇن ئۇزۇم ئالا يېشىل ۋادى،
ئېيتىڭچۇ، نەدە مۇنداق موجىزە بار.

قاراڭغۇ كارىزلاردا ئاقار زۇمرەت،
قان بىلەن باراۋەردۇر بىر تامچىسى.
(بۇككىدە بوستانلىقلار ياشىرىدۇ)
بولمايدۇ ئىسسىلىقتا ئىككىنچىسى.

كەپتىمىش بىر چاغلاردا بىر "ئۇلۇغ زات"
تۇتقانىمىش تەشنالىقى تومۇزدا تېز.
سۇ سوراپ تەلمۈرۈپتۇ،
جۇۋان - قىزلار،
دەپتىكى: سۇنۇپ كەتكەن قاپىقىمىز....

غەزەپتە تىترەپ تۇرۇپ قاغاپتىمىش،
بار سۇنى شۇنداق "غايىپ" قىلغان ئىمىش.
دەيدىكەن يەنە بىرلەر رىۋايەتتە:
باغرىدا زىمىن سۇنى ساقلىغانىمىش.

يەتمىش ھەم سەكسەن غۇلاچ، يۈز غۇلاچلاپ،
چوڭقۇرلاپ، ئۇزۇن - ئۇزۇن تەشمە تەشكەن.

قاتلامدىن - قاتلاملاردىن سۇ تەپچەرتىپ،
پەرھاتلار شىرىن سۇنى شۇنداق ئىچكەن.

بورانلار قۇم تولدۇرسا قۇدۇقلارغا،
ئاي - ئايلاپ كارىزچىلار تارتىشقان لاي.
بوشاشنى بىلمەس ھەرگىز كەمەرلىرى،
مۇشكۇلدىن نېسىۋىنى يۇلغان تالاي.

ئاق يەكتەك، ئاپپاق ساقال بوۋايلىرى،
ئاق لىچەك تاققان تىمەن مومايلىرى.
قىزلىرى قىرىقبىرتال ئورۇيدۇ چاچ،
پاكىز، جۇلالىقتۇر چىرايلىرى.

يىگىتلەر ئاپتۇۋدا يولۋاس بولغان،
كەتمىنى دولىسىدا تولۇن ئايدەك.
ئىسسىقتا ئۇچالمايدۇ ھەتتا قۇچقاچ،
ئۇلارچۇ؟!
سولماس يېشىل قارىغايدەك!

تەر چىقىپ كوينەكلەردىن شور ئورلىگەن،
ياق، بەلكى يۇرەكلەردىن ئوت ئورلىگەن.
شۇ ئوتتىن رەڭ تۇزىدۇ تەبىەتمۇ،
(مانا شۇ چىن مەنادا ئوغۇل دىگەن!)

ئاق تىكەن ھەم كوك تىكەن ئونگەن چوللەر،
تورىدۇ بوستان بولۇپ گۇل قۇچاقلاپ.



www.uyghurkitap.com

بۇ يەرنىڭ ئاسمىنىدا ئۇچقان قۇشنى،
بويىدىن مەس بولىدۇ يىللاپ - يىللاپ...

بىشەكچى، ئاق ناۋاتلار تاغ - تاغ بولۇپ،
ئورىغان قوغۇن يۇرتى — ھوك دىگەننى.
تاتلىقتۇر، شەرۋەتلىكتۇر خوش پۇراقتۇر
(ئەللەردەك سىپىپ يىمەس ئاڭا قەننى!)

ئاڭلىغىن! بىر ئاۋاز بار گۇرۇلدىگەن،
ماشىنا! شوپۇر كەپتۇ ئۇرۇمچىدىن.
چۇقىراپ قول سىلكىشىپ كەتتى باللار،
ئۇچقاندەك چىقىپ تەكىنىڭ ئارىسىدىن.

چەتتىكى - يىراقتىكى ئوزۇملوكتە،
توختىدى شوپۇر يىگىت كۇلۇمسىرەپ.
كارىزنىڭ شەرۋىتىدىن بىر پىيالە
غۇپۇلداپ ئىچىپ، دىدى:
پەيزى ئەجەپ!

ئىپتىخار ھىس قىلىشتى ئويناق كوزلەر،
ئوزۇمگە كەلگەن تىكەن شۇنچە يەردىن.
ئوزۇشتى سەرخىلىنى ئاۋايلىشىپ،
ئاق سايىۋا، قىزىل سايىۋا كىشمىشلەردىن.

ھىلىلە ياغلىق چەككەن كىچىك قىزچاق،
شوپۇرغا گەپ باشلىدى يېقىنلىشىپ:

ئاڭلساق ئۈرۈمچىنى يىراق دەيدۇ،
كوچىسى ئەينەكتەكمىش، باقساق بىلىپ....

ۋاي سىڭلىم دىدى شوپۇر، ئۈرۈمچىنىڭ،
ساناقسىز يۇلتۇزلاردەك چىراقلىرى.
تەشنالار يۈرىكىگە قويۇلىدۇ،
ئۇ يەردە ئىلىم - پەننىڭ بۇلاقلىرى.

تىرىشىڭ "كورۇنگەن تاغ يىراق ئەمەس"،
بارسىز ئۈرۈمچىگە، بېيجىڭغا ھەم.
يىلتىزدىن قۇۋۋەت ئالار يېشىل ئورمان،
مۇراتقا يېتەر، بىلىم بىلگەن ئادەم!

قولنى پۇلاڭلاتتى كابىنىكىدىن،
قالغانلار خوش دەپ قالدى ئارقىسىدىن.
قاچىلاپ كەتتى شوپۇر خوش پۇراقنى،
ئاجايىپ گۈزەل تۇرپان ۋادىسىدىن!

1982 - يىل، ئۈرۈمچى.



## گۈل ۋە مۇقامچى

— قۇمۇل مۇقامچىسىغا

گۈلسۈرۈق، گۈل ياسمەن ھەم گۈل ئانار،
ھويلىسى زىبا گۈلدۈر پەردەۋسدەك.
ئېچىلار يېڭى چېچەك سەھەردە شوخ،
گۈلچىكى، كورۇنمەيدۇ مۇقامچىدەك.

گۈل سۈيى گۈلگە تامار تىمىم - تىمىم،
سالقىندا سۇغارغىلى سەپسە سۈنى.
بۇ سۇلار قارلىقلارنىڭ مۇزلىرىدۇر،
كەچتۇرگەن ساي - جىلغىدا كوپ ئاھۇنى.

گۈل تۇۋى ئالتۇن قەسىر، راھەت قەسىر،
مۇقامچى سايىسىمۇ سۇلتانچە بار.
شۇ ئىشق شۇ كوڭۇلنى ئۇگەتكەندۇر،
بولمىسا يۈرىگىنى كەسكەنچە بار.

گۈللەرنى قۇچاقلىغان قۇڭۇر تۇپراق،
گۈزەل ھەم گۈزەللىكنىڭ تاجىسىدۇر.

www.uyghurkitap.com

شۇ تاغلار، ئاشۇ سەرۋەك ئاشۇ سايلار،
مېھرىۋان① يۈرىگىنىڭ پارچىسىدۇر.

كىم ئۆتسە مۇقامچىنىڭ ئىشىگىدىن،
توختايدۇ ھېرىپ قالغان بوكەنلەردەك.
كەيپى بار مەي دىگەننىڭ، ئۇنىڭسىزمۇ،
گۈل ھىدى-گۈل شارابى تۇتار خوي بەك.

ئۇششاقلار گۈل سورايدۇ، چوڭلار مۇقام،
ئانارگۈل ياغلىقىدا پوتا چەككەن.
ئاي يۈزلۈك، تال بويلۇققا قاۋۇل يىگىت
بېقىشىپ سۈبھىگىچە ئويناپ كەتكەن.

ئاھ ئويۇن، ئاھ كۈلكىلەر، ئاھ تەبەسسۇم،
ئۇنتۇلۇپ كەتكەن تامام تۈنۈگۈن سەن.
ئۆيدىمۇ، تالادىمۇ دىشۋارچىلىق،
بىر ئەمەس ئۇنى كورگەن تۈمەن-تۈمەن.

ئىزنىغا چۈشتى ھايات! چۈش ۋە ئۆتمۈش-
پىتنىلەر، مايمۇنچىلىق، داس-داس شىلىم.

① مېھرىۋان پۈجۈك — تارىخىي شەخس بولۇپ، تەكتى ئىپ-
لىدىن. ئۇ، قومۇلغا ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن، قومۇل 12 مۇ-
قامىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بولگەن. رىۋايەتكە قارىغاندا، بىر قېتىم
ئۇ، قومۇل تاغلىرىدا سەيلە قىلىۋېتىپ، شۇ يەردە ئاڭلىغان مۇ-
قام ناخشىلارنىڭ ھورمىتى ئۈچۈن بىر قانچە مۇقامچىنى مۇكاپات-
لىغان. قومۇل 12 مۇقامىدىكى "شاك ناخشا" ئەنە شۇنىڭدىن
قالغان.



ئىزنىغا چۈشتى ھايات! دەيدۇ زامان،
تاغ ھوسنى گۈل بىلەندۇر، ئال، ئال بىلىم.

باق ئەنە! سەنەم سالار سورۇن ئىچرە
كورسە دەپ تەۋەرۇكىنىڭ ۋىسالىنى.
دىلكەشنىڭ ئاۋازىنى تىڭشىغان قوش،
مىڭ قىلسا كەلتۈرەلمەس مىسالىنى.

تاغ سۈيى توختىغاندەك شاقىراشتىن،
ئورمانلار توختىغاندەك شالدىرلاشتىن.
تىمتاسلىق تەبەتنىڭ قۇچىقىدا،
يۇلتۇزلار قاراپ تۇرغان ئىگىز كوكتىن:

مۇقامغا جانان ئۇسۇل ئوينىغاندەك،
جىلۋىدە زۇلپى بىلەن بويلىغاندەك.
ھەر غۇنچە ئېغىزىنى چاك-چاك قىلىپ،
ھەي-ھەي گۈل ئىقبالىنى تويلىغاندەك.

ئاھاڭلار جاراڭلايدۇ ئۇزاق-ئۇزاق،
يىراقتا تاغ-تاغلارنىڭ ئىچكىرىدە.
سادىغا بوغمىلارمۇ بولۇپ مەپتۇن،
ئاڭلايدۇ قىيالارنىڭ گىرۋىگىدە.

1983-يىلى 1-ئاينىڭ 27-كۈنى.

# ئەلى سېكەللەرى

## ئەلى دەرياسىغا

قارلىقلاردىن كەلگەن ئەي دەريا،
باغاشلىغۇم كېلىدۇ سېنى.
ئەركىلەتكۇم كېلىدۇ سېنى،
سەندە هامان كوڭلۇم يەلكىنى.

ئەنە قىرغاق! ئوغلۇم ئەككىمىز،
تەۋەرۈك دەپ تاش-لار تېرىمىز.
سېغىنغاندا ئۇرۇمچىمىزدە،
گوهەر قىلىپ كوزگە سۇرىمىز.

ئەنە دوستۇم! توقايلار ئارا-
باشلاپ چىقتى ئالدىمدا ئوركەش.
ئۇزۇپ كەتتىم، ئوينىدى يۇرەك...
(ئاستا-ئاستا چۈشۈپ كەلدى كەچ).

گاه هوكىرىگەن، گاهى گۇكىرىگەن،
سادالىرىڭ قالدى قۇلاقتا.



موقام بولۇپ تويۇلدۇ ئۇ،
ئاڭلاپ ياتسام ئولگىنىمدە تا!

## مولla توختى يۈزىدە...

ئالتۇن تاۋاقتەك ئاي
ئورلىمەكتە شەرق تەرەپتىن.

1

سادىرنىڭ ئويلىرى نەدىدۇ؟
ئىچكەن سۇلىرى قايسىدۇ؟
ماڭغان يوللىرى شۇمىدۇ؟!

2

تۇيۇلدى يېنىمدا تۇرغاندەك،
نەپەس ئالغاندەك،
كۇلگەندەك،
مالخىيدىنى قىرلاپ ناخشا ئېيتقاندەك.

3

تال چىۋىقنى ئات قىلىپ،
باللار چىقىشتى ئالدىمغا!

## ئاختام ①

كەڭرى ئاسمان.
ئۈرۈك چىچەكلىگەندە
كورۇنەر يىراق - يىراقتىن،
ئاپپاق، سۈزۈك تۇمانسىمان.

كەڭ دالا،
گۈل مەۋسۇمىدە
بوۋاي - مومايلار،
چېكىسىگە - قۇلاقلىرىغا
گۈل قىسقان.

پاراڭلىرىنى دەيمۇ،
چاخچاقلىرىنى دەيمۇ،
ئۇلار
كۈلكە ئۈچۈن يارالغان ئىنسان!

ھەي،
مەن بۇياقتا،
ئۇلار ئۇياقتا،
كىملەر باركىن؟!
كىملەر يوقكىن؟!
كورمىگىلى بولدى قاي زامان!

① ئاختام — بىر يېزىنىڭ نامى



## ئالما ساتقۇچى قىزغا

— "4 كىشىلىك گۇرۇھ" قانلىق قامچا ئويناتقان يىللاردا، غۇلجا شەھرىدە ئالما سېتىپ قاتتىق ئازار يېگەن بىر يېتىم قىزنى ئەسلەيمەن.

سىڭلىم - سىڭلىم،
ئەسلەيمەن سېنى،
سەن بىلمەيسەن ۋە لېكىن مېنى،
ئۇنتالمايمەن،
ئۇنتالمايمەن ھېچ
شۇ كۈن ئاغزىڭدىن
قان بۇلدۇقلىغاننى!
ئالما سېتىش بولدى "گۇناھىڭ"،
ئورنىۋەتتى سېۋەتلىرىڭنى،
دەسسىۋەتتى ئالمىلىرىڭنى...
مولدۇرلىسە كوزلىرىڭدىن ياش،
ئۇردى، تەپتى سەندەك ئاجىزنى،
ئون تورتكىمۇ تولمىغان قىزنى!
مەن شەھرىڭگە
"مۇساپىر" ئىدىم،
مەن يىغلىدىم
ئىچىمدە ئۈنسىز،
ئەر كوزدىن ياش چىقماس ئاسان،
كىمگە دەيمەن؟!

كىم تىڭشايدۇ سوز؟!
دەرتلىرىڭگە بولماي ھەمدەم
ئاشۇ كېچە بوغۇلۇپ چىقتىم،
نەچچە - نەچچە تولغىنىپ چىقتىم!

## بۇلبۇلنى سولىما قەپەزگە!

(بۇلبۇل باققۇچىلارغا)

بۇلبۇلنى سولىما قەپەزگە،
بۇلبۇلغا باغ ياخشى، بىلمەمسەن؟!
سايرىسۇن، قانغىچە سايرىسۇن،
باقمىساڭ خۇماردا ئولەمسەن؟!

بۇلبۇلنى سولىما قەپەزگە،
قانىتى يۇلۇنۇپ كەتمىسۇن.
ئوزى ھەم كوڭلى ھەم بەك نوزۇك،
ئۇنىڭغا ھېچ ئازار يەتمىسۇن.

بۇلبۇلنى سولىما قەپەزگە،
ئايرىما، جەننەتتۇر گۇلشىنى.
قەپەزنى ئاسمىغىن سەتراچ،
بولسەن ئەركىنلىك دۇشمىنى!

1874 - 1983 - يىللار. غۇلجا - ئۈرۈمچى.



# داستانلار

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# چوغلوق باللادس



جىمجىت گۈلشەن، بۇلبۇل تىپ-تىچ
ئۇگىدا كەپتەر.
ئويىنىشىدۇ ئەركە شامال
ۋاراقلاپ دەپتەر.
دەرىزەمدىن ئاي نۇرلىرى
چۈشىدۇ تال-تال.
قولدا قەلەم، ئولتۇرىمەن-
سۈرگەنچە خىيال.

ئىلھام قىزى كىرىپ كەلدى،
كۈلۈپ بىر تاتلىق.
شائىر ئۇچۇن بولماس بۇندىن

زىيادە شاتلىق.
دىدى: " چوغلۇق ئېلىپ كەلدىم،
ئەي گۈلگە شەيدا.
ئىشىنىمەن يېڭى داستان
بولۇشقا پەيدا".
تەلپۈنۈپ مەن گۈلگە شۇدەم
تاشلىدىم نەزەر.
ھاياجاننى بېسىۋېلىپ،
باشلىدىم غەزەل:
"گاھ پۇرايسەن ئەتىر ئوخشاش
گاھ خۇددى رەيھان.
يېزىلمىدى سەن توغرىلىق
تېخى بىر داستان.
سىرلىرىڭنى ئەيلە بايان،
تارىخقا يازاي.
ھايات كانىدۇر، كانچىدۇرمەن
گۆھەرلەر قازاي".

چوغلۇق دىدى: " سوزلەپ بېرەي.
ساڭا بىر باشتىن.
قانچە سايلار سۇغا تولغان
مەن توككەن ياشتىن.
مەن ئەسلىدە بالاغەتكە
يەتكەن قىز ئىدىم.
چىۋەرلىكتىن داڭقىم يۇرتقا -
كەتكەن قىز ئىدىم.



مىسكىن ئاتام ئاتلىرىنى
باقاتتى باينىڭ.
يىلدا ئىشلەپ تاپالمايتتى
پۇلىنى چاينىڭ.
يىغىپ تۇزەپ باشقا تاپساق
يوقتى ئاياققا.
بەخشەندە بوپ ئوتكەن ئومۇر
دەشنەم - تاياققا.
باي قارايتتى بىزگە دائىم
بىر كوزى بىلەن.
ئوستەڭلەردە توختايتتى سۇ
بىر سوزى بىلەن.
ئاڭا چاكار سادىق دىگەن
قىرىچى بار ئىدى.
قىرىچى ئەمەس غەمگە پاتقان
ئويچى بار ئىدى.
كوڭلى گويا ئالتۇنلۇقنىڭ
ئالتۇندەك ساپ.
تەگتۇشلىرىم دەيتتى: " سادىق
ساڭا خويمۇ باپ".
مېنىڭ پىكرۇ - خىيالىممۇ
سادىقتا ئىدى.
بىر كۇنى ئۇ: " تىنىغىمىز
قوشۇلسا!" دىدى.
خىجالەتتە شەلپەر ئوخشاش
قىزاردى بېتىم.

ۋە بۇزۇلدى ھاياجاندىن
يۈرەتكە رىتىم.
جاۋاپ ئۈچۈن مۇناسىپ سوز
تۇراتتىم ئويلاپ.
كېلىپ قالدى مۇتەھەم باي
ئېرىقنى بويلاپ.
"كاپىر!" دىدى، قامچا بىلەن
بېشىمغا سالدى.
سادىق ياندىن خەنجىرىنى
سۇغىرىپ ئالدى:
" ئاتام ئېيتقان: خەنجىرىڭنى
قىندىن ئالما!
ئالساڭ، رەقىپ ئۆلمىگىچە
قىنىغا سالما!
رەقىبىمسەن، جەھەننەمگە
يوللىنا جېنىڭ!
بەدنىيىتىڭ ئىشقا ئاشماس
ھىچقاچان سېنىڭ.
گۈل-غۇنچەمنى چەيلىمەكتۇر
سېنىڭ غەرىزىڭ.
يېتەر، قىلغان-ئەتكەنلىرىڭ،
كۈتكىن ئەجىلىڭ"!

يىلان ئوخشاش تولغاندى باي
خەنجەر يىگەندە.
ئىشت ئولۇمى دەپ بوۋىلار،



شۇنى دىگەن-دە.
يالاقچىلار تۇتۇش ئۈچۈن
كەلدى يالاقلاپ.
قەھرىمانغا غەيرەت يولداش
كەتتۇق يىراقلاپ.
يول كېسىلگەن ئالدىمىزدا
يوق ئىدى ئامال.
شۇنداق ئېغىر شارائىتتا
يۈز بەردى بىر ھال.
ھەيۋەت بىلەن يېرىلدى يەر،
تىترىدى جاھان.
قاپلاپ كەتتى زېمىن-كوكنى
بىر پەستە تۇمان.
چىقىپ شەددىن ئاپپاق ساقال
تېمەن بىر بوۋاي،
دىدى بىزگە: " چۈشۈڭلار تېز،
بۇ تېچ پانا جاي".
تۇمان ئارا يەر ئاستىدا
كوردۇق بىر نۇرنى.
ئاشۇ نۇرنى كوزلەپ ماڭدۇق،
تۇتىشىپ قولنى.
ۋىدالاشتۇق قالدى ئارتتا
تەڭسىز شۇم دۇنيا.
كورمىگەچكە ئۇ چاغ بىزگە
بەختىنى راۋا.
چوغلۇق بولۇپ ئۇندۇق كېيىن



www.uyghurkitap.com

ئىككىمىز تەپ ـ تەڭ.
غۇنچىسىغا بەردۇق يۈرەك
قېنىمىزدىن رەڭ.

ئەۋلاتلىرىم ئۆز بەختىدىن
مەمنۇن بولۇپ يۈرسە،
مېنى قىسىپ يارى بىلەن
شاتلىنىپ كۈلسە؛
باقسام دائىم بىر ئالەمچە
زوقۇم كېلىدۇ.
ۋە ئۇلارغا مۇشۇ سوزنى
ئېيتقۇم كېلىدۇ:
"ئۇنتۇماڭلار، بىر دەرت تارتقان،
ئېغىر ئۆتمۈشنى.
كوز قارچۇقتەك ئاسراڭلار، بۇ
يېڭى تورمۇشنى."
ئاڭلاپ چوغلۇق قىسسىنى،
ئۆرۈلدى ئۆپكەم.
ئەجدادىمىز ئەنە شۇنداق
ھەسرەتتە ئۆتكەن.
ئەمدى ھەرگىز تەكرارلانماس
ئۇ قارا تۈنلەر.
مەڭگۈ ياشنار ئەجرىمىزدىن
بۇ يورۇق كۈنلەر.



× ×

ياڭرار گۈلشەن، سايرار بۇلبۇل،
سامادا كەپتەر.
پۈتتى سوھبەت، ئاتتى تاڭمۇ
يىپپىلدى دەپتەر.

1964 - يىل، ئۈرۈمچى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# گۇلدەستىخان

## مۇقەددىمە

رىۋايەتنىڭ ئوكيانىدا
گوھەر ئىزلەپ ئاققۇزدۇم تەر،
تاپقىنىم ئاز، قەلىمىم ياش،
كەچۈر مېنى جان بۇرادەر!

قىلار ئانداق رىۋايەتكىم:
قارا پەردە ئىچرە پەلەك.
كەلگۈدەكمىش بىر تاغ ئۇچۇپ،
جۈپتى ئۇچۇن كويگەچ يۈرەك.

ھالىڭ سېنىڭ نەكەچتى دەپ،
مەشۇغىنى ئىزلەر ئىمىش.
شامىلىنى تويىماي پۇراپ،
جامالىنى كوزلەر ئىمىش.

شۇندا بوران بۇلۇتلارنى،
لەشكەر قىلىپ چىققان ئىمىش.



ھەق مۇھەببەت شۇڭقارىنىڭ،
پەرۋازىنى توسقان ئىمىش.

ئىلاج بولماي تاغ قونغانىمىش،
كوز يېشىدىن ساي تولغانىمىش.
شۇندىن بۇيان باغداش سۇيى،
تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلغانىمىش...

يىلتىزى يوق دەرەخ نەدە،
ھېكمىتى يوق چوچەك نەدە.
ئاز بولغانمۇ ئۇنداق تاغلار،
ئۇ زاماندا بۇ يەرلەردە!

## 1 - باب

### بۇلاق بويىدا

دەردى بار جانىۋارلارنى،
قونغان دەرەخلەردىن سوراڭ.
— قومۇل قوشىغى

ئەگىم - ئەگىم ساي ئىچىدە،
سېرىق قومغا ئىز چۈشۈپتۇ.
شىر - شىر ئاققان تال بۇلاققا،
سۇ ئالغىلى قىز چۈشۈپتۇ.

قويۇق قارا كىرپىكلىرى،
نۇرلىنىدۇ شەھلا كوزى.
قىيغاچ قېشى چەكسىز نەپىس،
يېڭى چىققان ئاينىڭ ئوزى.

لەتاپەتتە قىسسىلەرنى
سوزلەپ تۇرسا گۇزەل خالى؛
نىچۇن ھورلەر ئەسىر بولماس،
بەنت بولۇپ ئىختىيارى!

تاغاق بولسا، تاغاق بولسا،
قىزنىڭ چېچى توزارمىدى.
بەختى بولسا، بەختى بولسا،
تەلىيى كاج بولارمىدى.

داۋالغۇيدۇ قاينام بولاق
كورۇنىدۇ ئەشقۇم تېگى.
چۇلغۇنىدۇ قىز خىيالى،
قۇرۇمايدۇ ياش، ئېتىكى.

ياپراق شاختىن ئايرىلدىغۇ،
قىز يۇرتىدىن ئايرىلدىغۇ.
بوغۇچلانغان كەپتەر كەبى،
قاناتلىرى قايرىلدىغۇ.

ئاشۇ كېچە ـ مۇدھىش كېچە،
ئۇنتۇلمايدۇ تا ئولگىچە.



جان تاپالماي ئاتا ـ بالا،
زۇلۇم چېكىپ خورلانغىچە؛

چىقتى قىيماي يۇرت ـ ماكانىدىن،
يولغا ئېلىپ زاغرىسىنى.
پانا تارتىپ ئوزگە يۇرتقا،
كەزدى تۇرپان سەھراسىنى.

قاغجىرىدى قىزىل لەۋلەر،
بولۇپ سېرىق قەھرىۋادەك.
ئوتتى ئەجەپ تامچە قەدرى،
ئۇسسۇزلۇقتا توتىيادەك.

بوۋاينى قىز يېتىلەپ كىلەر،
يۇرىگىدە ئوكسۇپ كىلەر.
بوۋاي قانلىق كوز يېشىنى،
يادىغۇر قىلىپ سېپىپ كېلەر.

شالاڭ قاش، ئاق، ئوسۇك ساقال،
جۇل ـ جۇل كوينەك، يىرتىق تامبال.
ئاياقلىرى پارە ـ پارە،
بولۇپ كەتكەن قۇرۇق قاخشال.

سۇ كەلتۇرسە تامچە تەگمەي،
خامان ئالسا بىر نان تەگمەي،
تەتۇر پەلەك تىركىسە كۇلپەت،
بارار ئىدى بويۇن ئەگمەي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قورقۇنچلۇق كەچۈرمىشى،
(شۇنداق ئىكەن جاھان ئىشى!)
تونۇغۇنكى دەردى-غەمدىن،
ئۇلغايغىنى — ئاھ ئۇرۇشى!

ئۇچتى ئۆينىڭ نۇر چىرىغى،
تۇت تام بولدى بىر غەمخانە.
كوزدە ياش دانە-دانە،
ئاقتى گوھەر ئىككى دانە.

جان كويەرى ئەمەسمىدى،
مېھرىۋانى ئەمەسمىدى.
رەنجى — دەرتنى بىللە تارتقان،
قەدىردانى ئەمەسمىدى.

ئېلىپ كەتسە توغامنى سۇ،
توغام قىلغان گەۋدىسىنى.
بوۋاي چولاق كەتمەن بىلەن،
يولىگەنتى توپىسىنى.

كېچىلەردە ئۇرسا مىراپ،
تولغىناتتى مىڭ ھالسىراپ.
قاختۇراتتى سۇغا كوكنى،
شۇ جاپاكەش ئۇزى قاراپ.

ئاق ئايدىڭدا ئوما ئۇرۇپ،
خامانلارنى بىللە سورۇپ.



قوغۇنلۇقنى چورىگەنتى،
يوگىمەچ ھەم پىلەك بولۇپ.

پەلەك باقماس نەزەر تاشلاپ،
كەلدى ئاپەت — بالا قوشلاپ.
نان پەيغەمبەر، ئاش ئەۋلىيا،
قامچا بەرمەس ناننى تاشلاپ.

بەخت ئىزلەپ، نىجات ئىزلەپ،
ئويدىن چىقتى تۈن-يۇلتۇزدا.
ئاتىسىنى يېتىلگەن قىز،
جىم-جىم كېلەر چىغىر يولدا.

قومۇش ئۇنگەن مۇڭلۇق قەۋرە،
قىزنىڭ سەندە يىغلاپ تۇرار.
دەرت كەلگەندە دەرتمەنلەرگە،
كوزگە ياشنى زورلاپ تۇرار.

بوۋاي ئاغزى ئومچىيىدۇ،
شۇ قەۋرىنى سىلاشتۇرۇپ.
پىچىرلايدۇ نىمىنىدۇ،
بىر-بىرىگە ئۇلاشتۇرۇپ.

قەيەردىدۇ ئىتلار قاۋاپ،
ئەنسىزلىكنى ئۇلغايتىدۇ.
يۇرۇپ دەشتى-باياۋاندا،
ئەمدى كىمگە ھال ئېيتىدۇ!

كەتتى يۇرتتىن ۋىدالىشىپ،
ئۇلمەي تىرىك جۇدالىشىپ.
ئۆزى پېقىر، كۆڭلى سۇنۇق،
قومۇلسىزى تەلمۈرۈشۈپ.

نان يۈزىنى كۆرمەي كۈنلەپ،
ئاخشاملىرى چۆلدە تۈنەپ.
بوغۇنچىنىڭ مومىلىرىدەك،
سارغىيىشتى يىغلاپ-تېنەپ.

بىر ئاڭلىنىپ بىر يوقايدۇ
كولدۈرمىنىڭ ئۈنى سايدا.
ئاي قاراڭغۇ، يوللار مۈشكۈل،
بۇ كارۋانلار بارار قايدا.

قاغا-قۇزغۇن باياۋاندا،
جەسەتلەرنىڭ خېرىدارى.
ئاھ ئاقارغان ئۈستىخانلار،
سىلەر بىلەن كىمنىڭ كارى!

.................
.................

داۋالغۇيدۇ قاينام بۇلاق،
كۆرۈندۇ ئەشقۇم تېگى.
چۆلغۈندۇ قىز خىيالى،
قۇرۇمايدۇ ياش، ئېتىكى!



بۇلاق سۈيى ئۈن قاتمايدۇ،
قىزنىڭ يېشى تاراملايدۇ.
بۇلاق سۈيى ئاقسا-ئاقسا،
قىز كۆڭلىنى ئالالمايدۇ.

## 2-باپ

### تۈگىمەس يوللار...

مەن ئۆلسەم، ئۆلۈكۈمنى تاغدا قويۇڭ،
تاغ يولى يىراق كەلسە باغدا قويۇڭ.
يۈزۈمنى قىبلە سايان ئاچىپ قويۇڭ،
باشىمغا بىر دەستە گۈل سانچىپ قويۇڭ.
— قومۇل قوشىقى

يىراقتىكى ئىككى كىشى،
ئالدىدىكى قۇم ئۈركىشى.
ماڭسا-ماڭسا تۈگۈمەس يول،
يۈرۈگىدە غەم-تەشۋىشى.

يۇلغۇنلۇققا بېرىۋالسا،
ئۇھ دەپ ئارام ئېلىۋالسا،
يۇلتۇزلارنى مۆڭداش قىلىپ،
پۇتلىرىنى سوزۇۋالسا.

دەرمان كېتىپ ھاردۇق يەتتى،
بارغان بويى ئۇخلاپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com

شادىرلىغان كوك قۇمۇشلار،
دەرتمەنلەرنى ئەللەي ئەتتى.

ئويغاندى قىز چوچۇگەنچە،
كىرپىكتىن قۇم توكۇلگەنچە.
ئازاپلىق يول تۇگەر قاچان،
دىدى كوزنى ئۇگلىغانچە.

ئۇخلار بوۋاي شوردا يىتىپ،
تاش - چالمىلار تەنگە پىتىپ.
نان - پان چۇشەپ قالغانمىكىن،
كەتتى ئەجەپ لەۋنى تامشىپ.

يىراقتىكى خىرە - غۇۋا،
كورۇنگەنلەر تاغلارمىدۇ.
بۇياندىكى قارا - قۇرا،
بوك - باراقسان باغلارمىدۇ.

غىچىرلايدۇ ياغسىز هارۋا،
دەرتلىك غەزەل تەڭكەش بولغان.
قىز ئويلايدۇ: كىم ئىكەن ئۇ،
چول باغرىغا مۇڭ ياغدۇرغان؟!

## هارۋىكەش قوشىغى

شىڭشىڭشا ئوزى گوبى①
ئىككى تاغنىڭ ئاراسى.

①قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدىن ئېلىندى.



قومۇل يولىغا قاراپ،
ئاقتى كوزنىڭ قاراسى.

چىڭ گاڭ غوجام دولىتى،
شىڭشىڭشانى كورسەتتى.
ئىككى تال قامچا بىرىپ،
دەڭگەن مانى هەيدەتتى.

ئۇچ يىل هارۋىنى هەيدەپ،
ئىككى قامچا چۇشۇردۇم.
كىچە يىتىپ ئۇيقۇمدا،
يۇرتلىرىمنى چۇشىدىم.

هاراق دىگەن ئاچچىق نىمە،
شىڭ - شىڭ قايناپدۇ.
چىڭ گاڭ غوجام ئاڭلاپ قالسا،
نومغا پالايدۇ.

قۇمۇلۇمغا كىتىمەن،
نومىلىرىڭ قالسۇن ساڭا.
دولىتىڭنى تولا كوردۇم،
رۇخسىتىڭ بولسۇن ماڭا.

## گۇلدەستىخاننىڭ قوشىغى

سىنىڭ دەردىڭنى ئېيتايمۇ①
ئوز هالىمغا يىغلايمۇ.

①قومۇل خەلق قوشاقلىرىدىن ئېلىندى.

قايغۇ - دەرتتە سارغايغان
يىتىم ھالىمنى ئىتايمۇ.

قارىياغاچ يوپۇرماغى،
قاتمۇ - قات بولار ئىكەن.
ئۆز شەھرىدىن ئايرىلغان،
مۇساپىر بولار ئىكەن.

دوكمۇ - دوك ئاراسىدا،
ئات چېپىپ ھارغانمىكىن.
خۇدايىم مۇڭداق بالانى
بەندىگە سالغانمىكىن.

يۈرىكىم غەلۋۇرگە ئوخشاش،
قويىسىلا تۇرماس تېرىق.
شۇنچە جاراھەتلەر بىلەن،
سولغان چىرايىم ساپ - سېرىق.

... ... ... ... ...
... ... ... ... ...

چەتكە تارتىپ ھارۋىسىنى،
چۈشتى ئۇلدام چەبدەس يولچە.
ناخشا يۈرەك ساداسى دەپ،
يېقىن كەلدى ئاغرىپ ئىچى.

ئاتا - بالا ئىككى ئاجىز،
بوران سوققان سىقىمچە قۇم،



قۇتقۇزمىسا بورىگە يەم،
تېگىشىدۇ چۆلدە چوقۇم.

بىر قېيىقتا تۇرسا يېقىنسىز،
بىر ئەمەسمۇ تەقدىر جېنى.
كەتتى بىللە بۇ سەپەردە،
تەڭ تارتقىلى مۇھتاجلىقنى!

## 3 - باپ

### داۋاندا

تاغ سايان قىلدۇق سەپەر،
نەمدى نېچۈك ھاللار كېچەر.
— قومۇل قوشىقى

ئەي شامالدا قالغان غازاڭ،
سەن توختىدىڭ نەگە بېرىپ.
ئەي مۇساپىر ئىككى ئىنسان،
قەيەرلەردە بولدۇڭ غېرىپ!

ئون ئىككى تاغ ئارىسىدا،
جان پانالاپ قايسىسىدا.
ياغسا ياھنۇر، چىقسا بوران،
قالدىڭ قاي تاش دالدىسىدا!

www.uyghurkitap.com

× ×

ئۇتۇن تېرىپ ئىدىرلىقتا،
تەرلەپ - پىشتى گۈلسۇم موما.
پەيدا بولۇپ قالدى ئىتى.
ھاۋشۇپ كەتتى لېكىن خويما.

سىناقلاردىن ئۆتكەن سىرداش،
ۋاپادار ئىت سادىق يولداش.
ئۆكتەملەرگە بەرمەيدۇ يول،
ئەللەر ئۇچۇن قويىدەك يۇۋاش.

قىيا بېقىپ كۆلۈمسىرەپ،
موماي ئىشقا بولدى مەشغۇل.
ئىت ھوردى، چوشەك تۇرغان،
ئات قېشىغا بېرىپ ئۇدۇل.

بىر قايرىلىپ كېشنىدى ئات،
موماي كوڭلى دەككە - دۈككە.
قاۋىغانچە يۈگۈردى ئىت،
تىك داۋانغا ئورلىمەككە.

تاغچىلارنىڭ قانتى ئات،
مىندى موماي يەشكىنىچە،
كەتتى ئالغا، كوڭلى تىنماس،
بۇ سىرلارنى بىلمىگۈنچە.



بىر قىيادا توختىدى ئىت،
پۇتى بىلەن تاتىلاپ يەر.
(داۋانلارنىڭ مۈشكۈلى بۇ،
ئۆتكۈنچىگە بالا - خەتەر!)

بايقاپ قالدى ئاتتىن چۈشۈپ،
بىر قامچىنى ئايىغىدا.
باستى تىترەك، كەتتى ئۆكۈپ،
ھەريان نەزەر سالغىنىدا.

بىر چوڭقۇردا ئوغلى بىھوش،
يۈز - كوزىنى تاش شىلىغان.
قۇچاقلار ئۇ، ۋاي بالام دەپ:
غۇنچە ئىدىڭ گۈل ئاچمىغان.

تىڭشاپ كەتتى تىنىقىنى،
يېقىن تۇتۇپ قۇلىقىنى.
يۈزلىرىگە يۈگۈردى قان،
بىلىپ يۈرەك سوققىنىنى.

تۈيۈقسىزلا نېرى چەتتىن،
كوتىرىلدى نالە - پىغان.
ئانا ئىتتىك يۈگۈرتتى كوز،
ئاندا زارلار ئىككى نىمجان.

بولسا ئادەم قۇتقۇزسا تېز،
ئەلگە خەۋەر تارتسا يىلتىز.

چەۋەندازچە مىندى ئاتقا،
ئۇچقۇن چاقناپ چۈشتى ھەرئىز.

× ×

موماي بىلەن شۇ غېرىپلار،
ئەسلى زاتى بىر پىدەكتىن.
ئانا - بالا — قان - قېرىنداش،
بولۇپ كەتتى شۇ سەۋەپتىن.

كوڭۇل كەڭرى بولسا ئەگەر،
يېتەر بىر دان تەڭ بولۇشسە.
بىلىنمىگەي ئاي ۋە يىللار،
دەرت - راھەتنى تەڭ بىلىشسە.

قىزنىڭ مېھرى ئېشىپ باردى،
مومايىنىڭمۇ ئېتىدادى.
گۈزەل قىزنىڭ چىۋەرلىكتە،
تالا - تۈزدە تەرىپاتى!

× ×

يول ئانىسى ئىز دەپتىكەن،
سوز ئانىسى چوچەكمىدۇ.
گۈلسۈم موما چوچەك ئېيتسا،
بەش كۈن، ئون كۈن يېتەرمىدۇ.



ئاي تۇغمىش...دەپ بىر باشلىسا،
قىز تىڭشايدۇ ئۇندىمەستىن.
ئۇيقۇ باسسا ئۇزۇن تۈندە،
ئۇخلىماس ئۇ، تۈگىمەستىن...

# 4 - باپ

## ئاھ، باغداش!

بىزلەر يۈرگەن ئېگىز تاغلار،
تاغداشنىڭ تاغى.

— قومۇل قوشىغى

باغداش دەڭلار، باغداش دەڭلار،
باغداش قوينى بېھىش دەڭلار.
بىر كورگەنلەر مىڭ ياشىرار،
مىڭ ئارماندا كورمىگەنلەر.

ئېگىز - ئېگىز تاغلار دەڭلار،
چوققىلىرى مۇز - قار رەڭلار.
ئەگىپ - ئەگىپ ئاسمىنىدا،
ئۇچقىنىنى شۇڭقار دەڭلار.

تاغ ئېتىگى جەننەت ماكان،
يېمىش پۇراپ گۇپۇلدەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

دەستە ـ دەستە گۈللەر ئېچرە،
ئۆتكەن ئۆمۈر بىلىنمەيدۇ.

ئاي چىقىدۇ ئاخشامسىرى،
ئالىپ تاغلار ۋالىلدايدۇ.
مەلىلەردە، تاش ئۆيلەردە.
جىن چىراقلار پىلىلدايدۇ.

× ×

ئورۇلىدۇ ئۇ يانغا قىز،
چورۇلىدۇ بۇ يانغا قىز.
پەنجىرىدىن قارايدۇ ئاي،
قىز ھالىغا يەتمەس ھەرگىز.

كەلتۈر ساقى پىيالەڭنى،
ھارارەتلىك بولغاي نەزمەم.
باغرى قانلىق غېرىپ دىلكەش،
پىغانىغا بولغاي ھەمدەم.

بىرشىردىن چۈش كوردى ھىلى،
بولماس ئەسلا چۈش دىگىلى.
نە كارامەت، نە قىسمەت بۇ،
نېسىپ بولدى بىر كورگىلى:

گۈلدەستىخان قانات تاقاپ،
ئۇچار ئىمىش بەختىيار شات.



قۇتالۇقلارمىش پەرۋازىنى،
گۈل ئېچىلىپ باغدا قات ـ قات.

بەرگىدەكمىش تاغلار سالام،
قىلغۇدەكمىش چول ئېھتىرام.
ئاق يول تىلەپ سۈزۈك سۇلار،
ئاقار ئىمىش تارام ـ تارام.

سۇمرۇغ كەبى ئۇچقۇدەكمىش،
كوك قەرىنى قۇچقۇدەكمىش.
بىر تۈزلەڭگە قارار بولسا،
تور ـ مۇنارلار تۇرغۇدەكمىش.

كورۇپ ئەقلى ھەيران بولۇپ،
ئاستا پەسلەپ يەرگە قونۇپ.
نىيەت ئەيلەپ زىيارەتكە،
ئىچكىرلەپتۇ قەدەم قويۇپ.

بۇرۇلۇپتۇ مەغرىپ ياققا،
سايدىن ئوتۇپ كېلىپ تاققا.
قارىغۇدەك بولسا: مىڭ ئۆي،
نۇر چاچارمىش پۈتۈن ياققا!

بەختىم كەلدى دىگۈدەكمىش،
مەغرۇرانە يۈرگۈدەكمىش.

سەنئەتنىڭ بۇ ئالەمشۇمۇل،
گۈل تاجىنى كورگۈدەكمىش.

جىمى سۈرەت رىۋايەتمىش،
قىسما - قىسما ھىكايەتمىش.
ھەيكەللەرگە ئىچى كويەر،
ھەيۋەتلىكمىش، ئالامەتمىش.

شۇ سورۇندا چىۋەر رەسسام،
مەگزى قىزىل، ئاپپاق ساقال.
شاگىرتىغا بېغىشلاپ كۈچ،
تاپسۇن دەيمىش يەنە كامال.

قارار گاھتا قەلەم تۇتۇپ،
ئىجات بابى، يىگىت تەنھا.
ياقۇت كەمەر بەلدە مەھكەم،
ئىلھامى جۇش ئۇرغان دەريا.

ئون سەككىزگە كەلمىش يېشى،
لېكىن كىچىك ئەمەس ئىشى.
چىرايىنىڭ ئايدەك ئىمىش،
نۇر چاقناتقاچ ئەقلى- ھوشى.

گويا ھۆكەر يۇلتۇزدەك،
شان - شوھرىتى ئۈستۈن ئىمىش.
سەلتەنەتلىك سەنئىتىگە،
جۇملە جاھان مەپتۇن ئىمىش.



سانسىز مەدەن، ئۇسۇملۇكنى،
ياسار بولسا تۇرلۇك بوياق.
ئۆگمەس ئىمىش رەڭگى قىلچە،
تۇمەنمىڭ يىل ئوتسە بىراق.

قىز دەر ئىمىش: ئىسمىڭىز كىم،
دەرمىش يىگىت: مەن ئاي تۇغمىش.
كوڭلى چۇشۇپ گۇلدەستىخان،
ئىچ - ئىچىدىن ئاھ ئۇرغانمىش.

كوز ئۈزمەستىن تۇرغانسىرى،
تۇمان چۇشۇپ بارغانسىرى،
غايىپ قىلغان يىگىتنى،
قىز قىلىنى سوزغانسىرى.

ئويغانسا قىز چۇشى ئىمىش،
چۇش تۇپەيلى بىھۇش ئىمىش.
ئۇرۇپ ھەريان ئۇزىنى ئۇ،
ياستۇق تۇتۇپ يىغلاپتىمىش.

× ×

گۇلدەستىخان سەھەرلىكتە،
ھۆكلىنىدۇ چىمەنلىكتە.
ياپراقلارغا، گۇلگە يىغلار،
غەزەل ئوقۇپ دەرتمەنلىكتە:

www.uyghurkitap.com

ئەتىر گۈللەر ئېچىلىپتۇ،
قىزىل گۈللەر ئېچىلىپتۇ.
ئېچىلمايلا كەتتى بەختىم،
كاچ پەلەكنى كىم بىلىپتۇ.

..............
..............

× ×

## 5- باپ

## تاج ھەم گوھەر

ئالمىلىق دەريا بويىدا،
ئېچىلىپتۇ لەيلىگۈل.
سەن ئۆزەڭگە لەيلى بولساڭ،
مەن ئۆزەمگە تاجىگۈل.

— قومۇل قوشىقى

بۇ "باغ دەست"دە بىر تىمتاسلىق،
خۇددى قورام تاشتەك ئېغىر.
ئاقار ئاستا قورقاندەك سۇ،
چىقمايدۇ ھېچ ئاۋاز شىر - شىر.



ئۇڭدا ئەمەس سول قاناتتا،
قورام تاش بار ئىگىز كاتتا.
ئۈستى لېكىن ياسىداق تەخت،
نەقىش چاقنار بۇ راۋاقتا.

توپىسىگە خىش - كاھىشتىن،
ئورنىتىلغان يېشىل خوراز.
خوراز شۇنداق تۇرۇۋەرگەن،
بىراق ئۆتكەن بەشيۈز قىش - ياز.

خان تىلەيدۇ جىمى خوراز،
خىشتىن بولسا، تاشتىن بولسا.
چىللىمىسا، جىملا تۇرسا،
تۈنلا بولسا، تاڭ بولمىسا.

× ×

خانغا ئاستا پىچىرلايدۇ،
قىرى يوسۇل تەخت ئۈستىدە.
غوجام قاتتىق قاقاقلايدۇ،
بىر مەنا بار كۈلكىسىدە.

ئاق ساقاللىق، يوغان سېمىز،
دۈپ - دۈملاق، غوللىرى كەڭ.
بويۇنلىرى تۇرۇم - تۇرۇم،
تاجىسى بار ھەم ئالتۇن رەڭ.

باشلىرىنى لىڭشىتىدۇ،
لەۋنى تامشىپ يالىغانچە.
چوجە كورۇپ، قالغان سادەك
چاكىلدايدۇ نەپسى شۇنچە.

ئاگىلدىكى: باغداش گۈلى،
بۇ ئۈلۈشمىدا بىردانىمىش.
سۇ بىرەلمەس ئوزگە گۈللەر،
لەتاپەتتە يىگانىمىش.

ئۇچەر بولسا بىر قەترە سۇ،
تامىغىدىن كورۇنەرمىش.
بۇلبۇل بولۇپ چاگىلدىسا،
يۇرەك - جانلار ئورتۇنەرمىش.

نازۇك بىلى قىرچىن تالمىش،
ئانارلىرى ئالمىچەمىش.
قارا كاكۇل، قارا كوزگە،
بوگۇن مەشرەپ تاگىچەمىش...

× ×

قۇش كىرەلمەس ئوردا - سارايى،
بەزمىلەرنىڭ شاھانىسى.
نەيرەك بىلەن چىلالاندى قىز،
مۇشۇ مەشرەپ باھانىسى.



گۈلدەستىخان ئالدىرايدۇ،
يەردىن ئۈستۈن قارىمايدۇ.
ئېشىپ كەتتى تۈن نىسبىدىن،
ھىچكىم تېخى قوزغالمايدۇ.

— سىزگە يالغۇز گېپىم بار دەپ،
بولەك ئويگە خېنىم ئوندەپ،
ئېلىپ چىقتى سادىدا قىزنى،
خان كورۇندى، بولدى ئەجەپ!

خان:

ئەي دىلرابا كوگلۇگنى بەر،
توكەي ساگا مەرۋايىت - زەر.

گۈلدەستىخان:

داغ يېرىلاتماس ۋىجدان - كوگلۇم،
زەردىن قىممەت نومۇس - ئۇلۇم!

خان:

كىم بىلمەيدۇ نازلىرىڭ بۇ!

گۈلدەستىخان:

ئاتامىراس ھونىرىڭ بۇ!

خان:

دىلۇ - جانىم پارە - پارە.

www.uyghurkitap.com

گۈلدەستىخان:

زەھەر يۇتۇپ بول ئاۋارە!

خان:

تىكەنسىز گۈل بولماس بەلكى.

گۈلدەستىخان:

قىسالمايسەن مۇقەررەركى!

خان:

ئۆزگە جانان كېرەك ئەمەس!

گۈلدەستىخان:

ماڭا سۇلتان كېرەك ئەمەس!

خان:

بولسا كاشكى سەندە شەپقەت.

گۈلدەستىخان:

نىچۈن سەندە يوق ئادالەت؟!

خان:

چۈمۈلىگە يوق ئۇۋالىم.

گۈلدەستىخان:

زىندانلىرىڭ تولدى زالىم!



خان:

باش تولغىساڭ جايىڭ زىندان.

گۈلدەستىخان:

مەيلى بولاي كۆكۈم ـ تالقان!

خان:

ياشلىق قىلما گۈلدەستىخان!

گۈلدەستىخان:

شىر ئىزىدىن يانغان قاچان!

خان:

تاشقا ئۇرما گۆھەرنى سەن.

گۈلدەستىخان:

تاشنى تاڭما تاياققا سەن!

خان:

ئەستاغپۇرۇللا،
بوغۇپ تاشلايمەن.

گۈلدەستىخان:

ھېچبىر قورقمايمەن!

خان:

چاخچاق قىلدىم ئالتۇن قىز.

گۇلدەستىخان:
كەتكۈز مېنى ئەمدى تېز!

خان:
شەرتلىشەيلى ئىككىمىز.

گۇلدەستىخان:
ئادا قىلالمىساڭچۇ؟!

خان:
بىجا قىلالىسامچۇ!

گۇلدەستىخان:
مىنىڭ ئۆي ياسات سەن قېنى!

خان:
خوپ ئورگەلسۇن، ياستاي
تاللاتقۇزۇپ ئۇستىنى.

گۇلدەستىخان:
كىمنى؟

خان:
كىمنى دىسەڭ شۇنى!

گۇلدەستىخان:
ئاي تۇغمىشىنى!



خان:
كەلتۈرسۇن ئۇنى!

## 6 - باپ

## سامان يولى نۇرىدا

كاككۇكۇمنىڭ ئۈنىنى،
ھەر جايدا ئاڭلاپ كېلىمەن.
يارىم بەرگەن پوتىنى،
بىلىمگە باغلاپ كېلىمەن.

— قومۇل قوشىغى

جىمجىتچىلىق، ئوچۇق ئاسمان،
ۋاللىدايدۇ سامان يولى.
پارقىرىتىپ سۈرتكەندەك،
بىر كىملەرنىڭ ئالتۇن قولى.

ئاق بوز ئاتلىق ئاي تۇغمىشتۇر،
چاپاۋۇللار ئارقىسىدا.
خىيال سۈرۈپ كېلەر يىگىت،
ئىگىز تاغلار ئارىسىدا.

ئۆي ئۆيلايدۇ خان ھەققىدە،
ئىچى پۇشۇپ پەرمانىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يىپ ئۇچىنى تاپالمايدۇ،
ئۇيلاپ كورسە قايانغا.

بامدات بىلەن يېتىپ كەلدى،
سارايىسىرى كىرىپ كەلدى.
خان ـ غوجامىمۇ ئالدىغىلا،
كىبىر بىلەن چىقىپ كەلدى.

خان:
كەلدىڭ قاياندىن؟

ئاي تۇغمىش:
كەلدىم دۇگخۇاڭدىن!

خان:
كىم بولسەن؟

ئاي تۇغمىش:
ئاي تۇغمىشمەن!

خان:
پەرمانىم شۇ قۇلاق سال،
پۈتكەز مىڭ ئۆينى دەرھال!

ئاي تۇغمىش:
بۇنىڭ ۋەجى؟

خان:
ئۇيلەنمەكچى!



ئاي تۇغمىش:
سەنلەر سەكرەيسەن تويۇپ،
ئەللەر تىترەيدۇ توڭۇپ.
مۇنداق ئۆتمەيدۇ جاھان!

خان:
ھەرگىز ئۆرۈلمەس ئاسمان!

ئاي تۇغمىش:
تۇغار بىزگە كۈن ھامان!

خان:
يۇم ئاغزىڭنى شۇم شەيتان.

ئاي تۇغمىش:
قورقماس ھەيۋىدىن پالۋان.

خان:
تاشلايمەن جايىڭ زىندان.

ئاي تۇغمىش:
قالغىچىلىك جېنىم بۇندا،
قېنىم قالسۇن ھەق ئالدىدا!

× ×

زىندان بېگى ـــ ئەزرائىل،
قاپىغىنى ئاچمايدۇ.

گاڭزا دىگەن تاياققا،
ئاي، توغمىشنى باس دەيدۇ.

گۈندىپايلار باسقاندا،
"غوجام بىر" دەپ ئۇرغاندا.
چاچراپ كەتتى تامغا قان،
ئىس پۇرقىراپ چىققاندا.

يىگىت كەتتى ئىپسىدىن،
كوپۇك قايناپ ئاغزىدىن.
نىمە بۇنداق قىيناقلار،
ئولسە يانماس لەۋزىدىن!

× ×

ئاي يېرۇغى،
ئىككى سايە،
يېقىن كەلدى تاشقورغانغا.
قىلىچ ئاسقان بىر جىسەكچى،
ماڭار ئۇيان ھەم بۇيانغا.

سىزىپ قالدى تىۋىشنى ئۇ،
ئىسەنكىرەپ دىدى: كىمسەن؟
بىر - بىر— دىدى كەلگۈچىلەر،
يوغان ئاۋاز بىلەن قەستەن.

جىسەكچى:
بىر دىگەن كىم؟



گۈلسۇم موما،
گۈلدەستىخان.

جىسەكچى:
نىمە بولغان؟!

گۈلسۇم موما:
يوقلايمىز تۇققان!

جىسەكچى:
كىمنى؟!

گۈلسۇم موما:
ئاي توغمىشنى!
جىسەكچى:
نەدىن بىلدىڭ؟!

گۈلسۇم موما:
ئەلدىن بىلدىم!

جىسەكچى:
ئويلاشما ئاسان،
يارلىق بەرسۇن خان!

گۈلسۇم موما:
نەدە بۇ ئىمكان!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جىمەكچى:
قۇرۇق گەپنى قوي،
كىتمىش چاپسان.

گۈلسۈم موما:
ئۆتۈنۈپ كېتەي،
ئېلىپ كەلدۇق نان.

جىمەكچى:
مۈشۈك ئاپتاپقا،
چىققاس بىكارغا،
زادى ھىچقاچان.

گۈلسۈم موما:
مانا ئۈزۈگۈم،
ئانامدىن قالغان!

جىمەكچى:
بوپتۇ خەير دېيەت،
نانىنى تاشلاپ كەت.
ئۈزۈكنىڭ يۈزى،
چوڭ كەلدى لېكىن،
ئەتە شۇكەمدە،
كېلىپ كورۇشكىن.



× ×

"يا ئاتام يوق، يا ئانام يوق،
كىم كىرگۈزگەن بىر جۈپ نانىمنى؟"
ئويلىغانچە يىگىت ھەيران،
بىلەلمەي شۇ مېھرىۋاننى.

نان ئۈستىدە بىر قىزىلگۈل،
(سوغات قىلغان قايسى گۈلچى)
باغلاپ كۆڭۈل رىشتىسىنى،
قايچىمەندىن بولدى ئەلچى.

خىيال بىلەن تاڭغۇ يۈرۈپ،
ئاخشامقى چاغ يەنە بولۇپ؛
شاراق-شۇرۇق قىلىپ زەنجىر،
كىرىپ كەلدى ئاي تولۇنىپ.

ئاي تۇغمىش:
چۈشتىڭىزمۇ ئاسماندىن؟!

گۈلدەستىخان:
كەلدىڭىزمۇ دۇڭخۇاڭدىن!

ئاي تۇغمىش:
تونۇمسىز دىلبەر مېنى؟!

گۈلدەستىخان:
ھەتتا چۈشكەن سىزنى!

ئاي توغمىش:
بايقىدىم قىزدىلگۈلدىن!

گۈلدەستىخان:
سوغىتىم ئۇ كوڭۈلدىن!
پۈتىڭىزغا پاتسا تىكەن،
كىرپىگىمدە ئالسامەن.
يۈزىڭىزدىن ئاققان قاننى
لەۋلىرىمدە يۇسامەن.

كەلسە سىزگە مۈشكۈلاتلار،
بېشىم بىلەن يول ماڭسام.
دەرت-ئەلەمنى تەڭ تارتىشىپ،
كۈندۈز-كېچە بىر بولسام.

ئاي توغمىش:
دىيىشسەك ۋەدىمىزنى.

گۈلدەستىخان:
قوتلۇقلاپ بەختىمىزنى.

ئاي توغمىش:
سوغات قىلسام سىزگە ئاينى،
ھالقا قىلىپ سالسىڭىز.
يۇلتۇزلارنى مارجان قىلىپ،
بوينىڭىزغا ئاسسىڭىز.



گۈلدەستىخان:
سوغات قىلسام سىزگە تاغنى،
تۈلپار قىلىپ چاپسىڭىز.
كون قۇراماق بولسا سىزگە،
شوم ياۋلارنى ئاتسىڭىز.

ئاي توغمىش:
تىل تەگمىسۇن سىزگە جانان،
چولپان بولسۇن تۇمارىڭىز.
ئاشۇ گۈزەل ھوسنىڭىزگە
شەپەق بولسۇن رومالىڭىز.
نىچۈك سىزدە يەنە غەم بار؟

گۈلدەستىخان:
يۈرىگۈمدە بىر ئەلەم بار!
ماڭا چاڭگال سالماقچى خان،
قاچماي بولماس قىلىپ ئىمكان.
گۇم بولسۇن بۇ قەپەز-زىندان،
تاپساق ئەمدى ئۆزگە ماكان!

ئاي توغمىش:
ئىشلەتسەك ئامال!

گۈلدەستىخان:
خەنجەردە دەرھال!
ئوغرى مۈشۈك مارىغاندەك،
ماراپ تۇردى بىر پايلاقچى.

www.uyghurkitap.com

بۇندا بولغان گەپ - سۆزلەرنى،
چىن تەخسىدە يوللىماقچى.

## 7 - باپ

### قىزىلگۈل

دەرياغا تاشقىن كەلگۈدەك،
تاشنى قىرلاپ تۇغاننى تۇت.

— قومۇل قوشىقى

ۋار - ۋۇر قىلىپ ئاتلاندى،
قورقۇنچلۇق بىر سادا.
كېيىن بولدى تىمتاس - جىم
نە بولغاندۇر جىلغىدا.

شۇۋۇرلاشتى نەچچە يىلەن،
سىياقىمۇ بولەكچە.
ھۇشى چىقتى تاغارنى
ئاتقا ئارتىپ بولغىچە.

دەسسىگەنچە ئۈپتىزنى،
يۈرۈپ كەتتى قايرىلىپ.
يۇلقۇنىدۇ تاغارمۇ،
تورماي پەسكە سىيرىلىپ.



× ×

پاختا كەپلەپ ئاغزىغا،
قايرىپ باغلاپ بىلەكتىن،
بۇلاپ كەلسە كېچىدە،
دەرت چىققايمۇ يۈرەكتىن!

قىزنىڭ ھالى پەرىشان،
بولماس ئەمدى ئۈمىتتە.
يەپىسىز قالغان لەگلەكتەك،
قاياشى يوق ئەلۋەتتە!

بۇنداق خورلۇق تارتقىچە،
خانىغا خوتۇن بولغىچە؛
ئۆلۈم ياخشى ئەمەسمۇ،
دەيدۇ يىغلاپ بۇ كېچە.

قەلەمتۇراچ ئىزلەيدۇ،
ھېچيەردە كۆرۈنمەيدۇ.
قاچاي دېسە تام ئېگىز،
ياماشسا بوي يەتمەيدۇ.

تىلەيدۇ ئۇ نىجاتلىق،
تەلمۈرىدۇ ئاسمانغا.
چاقماقلارنى چىللايدۇ،
قىلىچ ئۇرسا دەپ خانغا.

بورانلارنى چىللايدۇ،
سارايىنى ئۆلاتسا دەپ.
قىياتىلارغا يالۋۇرار،
زىندانلارنى باسسا دەپ.

پانۇس تۇتۇپ كىردى خان،
گۈلقەقەسى ئېچىلىپ.
بوي بەرمەيمەن دەيدۇ قىز،
تالا ياققا ئىنتىلىپ.

خان:

گۈلدەستىخان، گۈلدەستە،
سەن نىمانچە بىخەستە.
سەن غۇنچىنى ئىنلاي دەپ،
مەن ئالغۇزدۇم مىلك تەستە.

ئالتۇن توشەك تەق ساڭا،
ئالتۇن بويلۇق گوھىرىم.
جېنىم بولسۇن سەدىقە،
پەرى خۇيلۇق دىلبىرىم.

گۈلدەستىخان:

يىقىن كەلمە!

خان:

تۇنداق دىمە!



گۈلدەستىخان:

سەن چىقىپ تۇر بىر دەمگە،
تېچ قويۇپ بەر ئۇزەمگە!
..........

يىغلايدۇ قىز يىغلايدۇ،
بارمىقىنى چىشلەيدۇ.
كوز يىشى دەرياسىنى،
كېچىپ قىرغاق ئىزلەيدۇ.

ئەس ـ يادىغا شۇ پەيتتە،
چۈشتى سىرلىق تۇمارى.
دىلى يورۇپ ۋاللىدە،
تەنگە كىردى مادارى.

يامان كوزدىن ساقلان دەپ،
كۈن چۈشكەندە قوغدان دەپ،
ئېسىپ قويغان مومىسى،
ئەسقاتىدۇ ئۇبدان دەپ.

ئاسان بولدى مۈشكۈلات،
غەم لەشكىرى چېكىنىپ.
قالار ئەمدى قاقۋاش خان،
تۇمشۇغىدىن ئىلىنىپ.

مەغرۇر تۇتۇپ قەددىنى،
تۇمارنى ئېپ بويىندىن.

خان قېشىغا چىقتى قىز،
ئوت ياناتتى تۇرقىدىن.

گۇلدەستەخان:

..........

ئالغىن مەيلى ئەمرىڭگە،
شۇنداق ئىكەن پىشانەم.
تۇماردىكى قىزىلگۈل،
بولسۇن ساڭا نىشانەم.

خان:

خوي جورۇدۇڭ ئەقلىڭنى،
(ئاللا بەرسۇن بەختىڭنى)
يۈرەك - جىنىم ياشارسۇن،
پۈراي غۇنچە - گۈلۈڭنى.

..............

ئۇينا - ئۇينا گۈلنى خان،
بىرسىپ ياتاتتى ئۇشەككە.
ئىككى پۈراپ، ئۈچ پۈراپ،
كەتتى ئۇيقۇ - خورەككە.

ئەمدى ئاسمان ئورۇلسە،
ياكى زېمىن تەۋرىسە.
تۇيماس زادى خان - غوجام،
تا بېشىنى چەيلىسە!



ئاستا بېسىپ كەلدى قىز،
ئۈزۈگىنى ئالاي دەپ،
خاننىڭ جېنى شۇنىڭدا،
كۆكۈم قىلىپ تاشلاي دەپ.

ھاسىل قىلدى مەقسەتنى،
يالغۇز قويدى خۇمپەرنى.
چىقىپ كەتتى ئوردىدىن،
كورسىتىپ شۇ گوھەرنى.

× ×

جېسەكچىنىڭ ئەسنىگىنى،
ئىشىنىڭ تازا باپ كەلگىنى.
ئۇخلاپ قالدى قىسايغانچە،
بىلىپ بولماس مەسلىگىنى.

قىز ئاتقاندا يېنىغا تاش،
تۇيماس ئىدى ئۆلۈك ئوخشاش.
بىقىنىغا يېدى خەنجەر،
بىر تولغىنىپ بولدى يۈۋاش.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكى

# 8 - باپ

## كوچكەن يۇلتۇز

ئاھ، بىدەت
گىلاڭ تاغلاردىكى مۇزلار،
سەرۋەڭ تاغلاردىكى قارلار.

— قومۇل قوشىغى

×

ئاي تۇغمىش ھەم گۈلدەستىخان،
دادىسىمۇ مەسلىھەتتە.
تاشلاپ كەتتى باغداشنىمۇ،
جانىنى ئېلىپ ئاقىۋەتتە!

ئۇزاپ كەتتى ماڭغانسېرى،
بوۋاي ھاردى بارغانسېرى.
ھاپاش قىلىپ يىگىت ئۇنى،
ئورلەپ چىقتى داۋانسېرى.

ئالدىدىنلا نۇر كورۇندى،
كوز دىگەننى قاماشتۇرۇپ.
تەئەججۇپتە باقتى ئۇلار،
قەدىمىنى سۇسلاشتۇرۇپ.



شەپەق كەبى نۇر ئۆچىدە،
روشەنلەشتى يارقىن دىدار.
ساقاللىرى ئاپپاق، ئۇزۇن،
قىزىللىقتا يۈزى ئانار.

گۈلدەستىخان
ئاي تۇغمىش:
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

بوۋاي:
ۋائەلەيكۇم ئەسسالام!

گۈلدەستىخان
ئاي تۇغمىش:

— بوۋا، ئاتىڭ نەدۇر؟
زاتىڭ نەدۇر؟

بوۋاي:

سۈرەت تەڭرىسىمەن!

بولۇت باسسا ھاۋانى،
چاقماق چىداپ تۇرارمۇ؟
بېشىڭلارغا كۈن چۈشسە،
سۈكۈت قىلىپ بولارمۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەمدى ئەقىل ئۆگىتەي،
نىجات يولى كۆرسىتەي.
ئالدىڭلاردا بىر چىنار،
ھېكمىتىنى دەپ بېرەي:

ئەما كۆزگە شىپالىق،
"قالغاچ بۇلاق" شۇ يەردە.
ساقايغۇسى تەل - تۆكۈس،
بوۋاڭلار ھەم ئۇ يەردە.

ئەينەك، تاغاق كومۇلگەن،
شۇ چىنارنىڭ تۈۋىگە.
ئاندا يەنە ئوقيا بار،
بولۇڭلار چاپسان ئىگە.

بىردىن - بىردىن تاشلاڭلار،
كەلسە مۈشكۈل قادىلىپ.
ياۋغا مىڭنى كۆرسىتەر،
تۇمشۇغىنى قان قىلىپ.

گەر تەدبىرىم يەتكۈزسە،
مۈشكۈللەرگە ئاسانلىق.
كۆڭلۈم مېنىڭ تىنچ بولار،
خوش، تىلەيمەن ئامانلىق!

رىۋايەتتە سۆزلەنگەن
خىزىر غايىپ بولغاندەك،



ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ،
بوۋاي يوقاپ چولپاندەك.

ئۈچەيلەن شۇ ماڭغانچە،
تا چىنارنى تاپقىچە.
بولمىدى ھېچ خىرامان،
مۇددىئاغا يەتكىچە.

× ×

ئەمدى بىر ئاز چېكىنىپ،
كۆرسەك ئوردىنى بىلىپ.
سەراسىملىق ئەۋجىدە،
خەنجەر ئېلىپ كېلىنىپ.

خاننىڭ كۆزى چەكچىيىپ،
چىقاي دىدى چاناقتىن.
— قوغلا! دىدى چىرىكنى،
سۆزۈپ تۇرۇپ قولاقتىن.

دۈپۈر - دۈپۈر قىلىشىپ،
كەتتى ئاتلار چېپىشىپ.
ئۆتتى - كەچتى ئادەملەر،
تۇرۇپ قالدى قارىشىپ.

× ×

ئىز قوغلىشىپ كېلىدۇ،
تاغ يولى ئەگىم - ئەگىم.

چىنەلگەن ئوق سارايغا،
بولدى ئەجەل دەھشىتى ...

بارى - يوقى بىرتال ئوق،
ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق.
تېرىك قولغا چۈشكىچە،
تاغ باغرىنى تىلغۇلۇق!

ئوق ئۈزۈلدى ئاداققى،
تاغ يېرىلدى گۈلدۈرلەپ.
ئاي توغمىشنى ئېلىپ ئۇ،
كىرىپ كەتتى ئىچكىرىلەپ ...


چاك - يوچۇقلار بولدى ھەم،
تاغ سىلكىنىپ ئارقىدىن.
گۈر - گۈر بېسىپ كەلگەن ياۋ،
تاپار ئەمدى قاياقتىن؟!

**خاتىمە**

غۇرۇرلىنىپ تاغلىقلار،
شۇ غايىپلار ھەققىدە.
ئەۋلادىغا زوق بىلەن،
سوزلەيدىكەن قەسىدە.

ۋە بەزەنلەر دەيدىكەن:
ئۇلار ھايات تاغلاردا.
ئوينايدىكەن موكۇشمەك،
قاش قارايغان چاغلاردا.





شارقىراتما ساداسى،
ئىمىش خوشال كۈلكىسى.
قۇلاپ چۈشكەن تاشلار ھەم
ئىمىش شاھىت - بەلگىسى.

بولۇپ كىيىك سۈرەتتە،
كۈندۈزلەردە چىقارمىش.
چىشلەپ مېھرى گىياىنى،
غارنى يوقلاپ بارارمىش.

دادىسىغا ياقارمىش،
بۇندىن شىپا تاپقاي دەپ.
كورسە يوروق ئالەمنى،
كوزىنى بىر ئاچقاي دەپ.

ۋە بەزەنلەر دەيدىكەن:
ئىككى ئاشىق بىربولۇپ،
كەتكەن ئىمىش تۇرپانغا،
بىر - بىرىگە جور بولۇپ.

ئاندا ياساپ مىڭ ئويىنى،
تويىغا جابدۇق قىلارمىش.
ئايىنى ناغرا، كۈننى داپ،
قىلىپ شۇ كەم چالارمىش.

1978 - يىل 8 - ئاي، قومۇل - باغداش.
1978 - يىل 10 - ئاي، لەنجۇ، دوڭخۇاڭ.
1979 - يىل 5 - ئاي، ئۈرۈمچى.




## 1

جەنۇپتا، بىر سەھرا دېچىسى،
يىگانە كۆلبىدە ئاي نۇرى.
ئانىنىڭ كوزلىرى ئۇيقۇدا،
ۋە لېكىن چېھرىدە غۇرۇرى.

ئۇيقۇلۇق كۆلۇشى نىمىدۇر،
بۇ ئىشىنىڭ تەكتىگە يېتەركىم ؟!
لەۋلىرى سوزلەشكە ئىنتىلەر،
سىرلىق بىر قىسسىدۇ بۇ بەلكىم!

يا چاڭقاپ، قايىنغان ئاپتاپتا،
قەدىمى يەتتىمۇ بۇلاقتا.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىدى ئادرېسى

ياكى گۈل سەيلىسى باشلىنىپ،
قىزىلگۈل قىستىمۇ قولاقتا!

بوۋىلار قىلغاندەك رىۋايەت،
بېشىغا ھۇما قۇش قوندىمۇ ؟!
يا ئاڭا پۇتۇلگەن قاناتتا،
لاچىنچە ھاۋادا ئۇچتىمۇ ؟!

تاڭ يەنە ئاقاردى سەھرادا،
ئانىمۇ ئەتىگەن ئويغىنىپ؛
چايغا ئوت ياقتىچە، بىر باشتىن —
ئەسلىدى چۈشىنى ئويلىنىپ.

دەر ئىدى: ئەلۋەتتە ياخشىلىق،
مۇرەببىم يانغاندا ئوتتۇندىن —
دەپ كورسۇن مۇنەججىم بوۋىغا،
تەبىرنى بىلەرمىز ئۇنىڭدىن ...

ئاخىرى ئوتتۇنچى مەھمۇتنى،
ماقۇلغا كەلتۈردى ئايالى.
مۇنەججىم بوۋىنىڭ ئالدىدا،
باشلاندى بۇ چۈشنىڭ بايانى.

"دىگۇدەك: تىپ - تېچ كوپ ئاسمانىمىش،
يۇلتۇزلار پارقىراپ تۇرغانىمىش.
ئەجەپكىم، يەتمىشچە ئاي چىقىپ،
ھەر بىرى زەر شولا چاچقانىمىش."

سىپايدۇ ساقالنى مۇنەججىم،
ئۇچىدۇ تەسەۋۋۇر شۇڭقارى.
دىدىكى: "ئايالىڭ هامىلە،
قىز كورەر،
تاڭ قالمىش ئەل - بارى..."

ياپراقتا تىترىگەن شەبنەمدەك،
ئۇتۇنچى كوزىدە ئىسسىق ياش.
مۇرادى، غۇنچىسى ئەينى شۇ،
تۇغۇلدى ئۇمىتتىن بىر قۇياش!

ساقىيا، خوتەنىنىڭ جامىغا
قۇيغىن سەن شارابىن يەركەنىنىڭ،
شۇ لالە هورمىتى، ئىچەيكى،
يالقۇنى نۇرلىسۇن نەزمەمنىڭ!

زاكىلاپ پەرزەنتنى بىر موماي،
تۇتقاندا كورسۇن دەپ ئاتىغا.
"ئەسسالام، قىزىم!" دەپ ئۇمچەيدى،
ئاقتى ياش، تامدى ياش بالىغا ...

سەبىنىڭ كوز نۇرى بىغۇر،
پاللىدە يېنىشى يۇلتۇزدەك.
سۇمبۇلى خۇش بۇي هەم قاپ - قارا،
دەريانىڭ ئەركىسى قۇندۇزدەك.

رۇسلىدى ئاتىجان قەددىنى،
(قەددىمنىڭ قالمىش بىر يوسۇنى!)



قويماقتا "ئاسماندىن چۈشكەن ..." دەپ،
بىر گۈزەل مۇبارەك ئىسمىنى.

2

دەهشەتلىك كېزىككە مۇپتىلا،
تولغىنار بۇ تارىم ۋادىسى.
جاپاكەش تەقدىرى قاقشىتار،
ئەرشنى تىترىتەر نالىسى.

ئىپتىزلار مۇڭلانغان بالىدەك،
ئوت - گىيا سارغايغان سامانىدەك.
كوز يېشى ئۇستەڭدە ئاققانچە،
دەردىنى قۇملارغا ئېيتقانىدەك.

ئۇپۇقتا تاۋۇتنىڭ قارىسى،
يىغىنىڭ ئاۋازى بىر ئاچچىق.
نەچارە، نەدارا، نە هېكىم؟ ①
پىغاندىن كانايلار بولمىش غىق ...

نوزۇدى مۇشۇ بىر ئاپەتتە،
مەهمۇتنىڭ ئومۇرلۇك رەيهىنى.
قان قىلدى يۇرەكنى بىر يولى،
سانچىلغان ئولۇمنىڭ تىكىنى.

① هېكىم — دوختۇر.

www.uyghurkitap.com

ۋادىرىخ، ھاياتلىق دەرياسى!
يەنە ئۆز يولىدا ئاقاركەن.
مەشرىقنىڭ بىپايان كوكىدە،
تاڭ يەنە ئۇلىشىپ ئاتاركەن.

پەسىللەر يوتكەلدى تىنىمسىز،
ئۇمىلەپ تۇردى قىز ئاياقتا.
"دادا!" دەپ تىل چىقتى چىرايلىق،
تامچە بۇ قوشۇلغان ھاياتقا.

تۇغراقلىق جاڭگالنىڭ سىرىدىشى،
سەزمەيتتى ھاردۇقنى بارغانچە.
ئۇنتۇيتتى پۈتكۈل غەم-غۇسسىنى،
پەرزەنتىنى باغرىغا تاڭغانچە...

بالىنىڭ تەقدىرى تۇمانلىق،
ياخشى كۈن كورەرمۇ چوڭ بولسا؟!
يامان كۈن كورىسچۇ؟ ئاھ دەھشەت!
تىلەيدۇ: "تەلىيى ئوڭ بولسا!"

ئويلىنار: "مۇكچەيتتى جاڭگاللار،
يول-يولغا تامدى تەر-قانلىرى.
رىيازەت، سايىدەك يۈرمىسۇن،
كويمىسۇن ئەۋلاتنىڭ جانلىرى.

سەۋەپ قىل، دەپتىكەن ھاياتقا،
ئۇتتۇنچى قانۇردى بېشىنى.



پىكرى شۇ، قىزغا تۇتقۇزۇش،
مۇنەججىم بۇۋىنىڭ پېشىنى.

ئىلىم-پەن ئاسمىنى ئۈستىدە،
بىر ئۇستۇن يۇلتۇزدۇر مۇنەججىم.
نۇرىدىن بەھرىمەن ئەل-ئالەم،
مېھرىدىن سويۇنمەس قېنى كىم؟!

كېيگىنى كۇلاھۇ-جەندىدۇر،
نائۇمىت ئەمەستۇر ۋە لېكىن.
چاقماقلار ئالدىدا تەۋرىمەس،
بورانلار ئالدىدا چىڭ، تەمكىن.

ساقالدا يىللارنىڭ قىروسى،
كەينىگە قارايدۇ خىيالچان.
ئالدىدا ئەجداتنىڭ ئىزلىرى،
كوزىنى باسمايدۇ چاڭ-تۇمان.

يۈرىگى ئاتەشكى، ھارارەت،
ئاقىدۇ ئەۋلاتقا كۈن-كېچە.
ئۇ، ئامانىتساغا شۇنداق ھەم،
ئۆگىتەر تا ھالىدىن كەتكىچە.

دەيدىكى، ئۆزەڭنى تۈزەتمەي،
كىشىگە ئەيلىمە نەسىھەت.
دەيدىكى، كورسەتسە ئەيىۋىڭ،
دوستۇڭ شۇ، بۇ شەكسىز ھەقىقەت!

دەيدىكى، نە ھاجەت بىزەنمەك،
ئۆگەنگىن، سوزلىرىنىڭ گۈل ئاچسۇن.
دەيدىكى، نە نومۇس ئۆگەنمەك،
نومۇسكى، نادانلىق، يەر يۇتسۇن!

دەرسلەر بىر باغكى شاپتۇللۇق،
مەستانە - ھەيراندۇر تەلەپكار.
باغلىدى مۇقامغا ئىشتىياق،
ئاڭا ھەم ئۇستازى سەۋەپكار.

مۇقامى، نەزمىسى بوۋىنىڭ،
مۇڭىغا ئوخشايدۇ نەغمىنىڭ.
بولدى ئۇ، ئوت - ئاتەش ياققۇچى —
يۇلتۇزى باللار قەلبىنىڭ ...

مۇقاملار شەيداسى گۈزەل قىز،
ناخوللاپ تەمبۇرنى چالسا گەر.
قېقنۇس غۇنچىدەك قان يۇتار،
ھۇشنى يوقىتىپ شام - سەھەر.

ساتارنى،ئۇد ① ،تەمبۇر، قالۇننى،
مەشق قىلار مەرۋايىت تىزغاندەك.
كامالەت - ماھارەت بابىدا،
شوھرىتى ئۇرلىدى چولپاندەك.

بىلمەيدۇ نىمە ئۇ تەمەننا،
تاشچىغا ئوخشايدۇ ئادىتى.

① ئۇد — ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمىي مىللى چالغۇ ئەسۋاۋى.



بىلىمىدىن كوڭلىگە گۈل - نەقش،
ئويىدۇ، شۇنىڭدا دىققىتى.

شامدانغا توكىلەر شام يېشى،
ياستۇقنى ھوللەيدۇ قىز يېشى.
مىسرالار ئۇرتەيدۇ باغرىنى،
ناۋايى، زەلىلى مۇڭدىشى.

دەريانى يوقلايدۇ ھەر تاڭدا،
تىكىلىپ ئېقىمىغا خىيالچان.
قەلبىدە غەزەلنىڭ جۇشقۇنى،
شۇ تارىم سۇيىگە ئوخشىغان.

ھاجىتى چۇشمەيدۇ سىياغا،
قەلەمدۇر قولىنىڭ پەنجىسى.
سۇ يالاپ تۇرغان قۇم - قەغىزى،
كۆلىدۇ ئىلھامى غۇنچىسى.

بىر تىنىق ئالايلى ئەمدى بىز،
مەي كەلتۇر، ئىچەيمەن ئارمانسىز.
قالمىش سوز سوزلىنەر مەستانە،
مىسراغا جان كىرمەس ئىلھامسىز.

## 3

ئالدىدا توكىلەر تارتقان يول،
چىراقنىڭ يوروغى ئۇزاقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بارىدۇ ئىككىيلەن ياندىشىپ،
مۇساپىر - غېرىپىمۇ، ھەسرەتتا!

جانلىرى سىقىراپ بولەكچە،
بۇ يوللار تالدۇردى ئاھ شۇنچە.
ئەجىبا، ئاڭلىنىپ بىر غەزەل،
يوقىدى سىڭگەندەك بىر تامچە.

زەڭ سالدى يولچىلار تاڭ قېلىپ،
كورۇنمەس، ئاڭلانماس ھېچنىمە.
سۇرلۇك بىر كېچىنىڭ جىمىلغى،
سالىدۇ دەھشەتلىك ۋەھىمە.

ئىككى جان يولىغا راۋاندۇر،
بارارى، تۇرارى قاياندۇر؟!
كوپ ئۆتمەي چېلىقتى يالغۇز ئۆي،
توختاشتى، دىمەككى، مېھماندۇر.


بوسۇغا ئاتلىدى ئىكرامدا،
قالدى ئۇي ئىگىسى ھەيراندا.
باشلىدى تورىگە چاندۇرماي،
بىر سوئال كوزىدە، شۇئاندا.

بەدەشقان قۇرۇشۇپ كوپىدە،
بوۋايدىن سوراشتى ھال - ئەھۋال.



سەپسېلىپ توت تامغا بىر تەكشى،
كوردى بىر تەمبۇرنى،
بۇ نە ھال؟!

مېھماننىڭ لېۋىدىن ئۇچتى سوز:
— ئاڭلايلى تەمبۇرنى چالسىڭىز.
خىجالەت ئىلكىدە دىدى چال،
— ئۇتۇنچى بوۋايمەن، بىلمسىڭىز.



ئالغۇزدۇم بازاردىن ئەتەيىن،
قىزىم بار، تەمبۇرنىڭ سەۋداسى.
ھەر گۇلكىم بېغىدىن ئايرىلماس،
شۇ كەبى بەختى ھەم ھەمراسى.

مېھمان دەر: گەر رىزا بولسىڭىز،
تىڭشىساق ئۇنىڭدىن بىر پەردە.
ماقۇللۇق بىلدۇردى ئاتىجان،
قىچقاردى:

— قىزىم سەن قەيەردە؟!

ئاي يۇزلۇك قىز چىقتى ھۇجرىدىن،
ئانىسى ئايىمدۇر، ئاتىسى.
بىر نەزەر قىلدى ـ دە، ئەيمىندى،
كەرەشمە ـ نازى ـ گۇل غۇنچىسى.

قاشلىرى كەكلىك قاش، كىيىك كوز،
تۇم قارا چاچلىرى بوستاندەك.
بۇرنىمۇ نەپىسكى پاھ! دەيسەن،
ئېلىپنى تارتىپلا قويغاندەك.

يۇزىنىڭ ئېقى ـ ئاق، قىزىلى،
دان تۇتقان ئانارنىڭ دانىسى.
لەۋلىرى قىپ ـ قىزىل ئالۇچا،
ھورلەردىن قېلىشماس قىسقىسى.

تەمبۇرنى ئۇزاتتى دادىسى،
ئالدى قىز تارىم قىپ قولىدىن.
ئۇن ئۇچكە ئۇرلىگەن شۇ زىبا،
قىزاردى ھايانىڭ ئوتىدىن.

مېھمان دەر: تەمبۇرگە ئىشقىۋاز،
قىزنى مەن كورمىگەن بۇ چاققا.



كوڭلىمىز سۇ ئىچسۇن، بىر چېلىڭ،
مەردانە ئىشتۇر بۇ ئاداققا.

قىپ ـ قىزىل خېنىلىق بارماقلار،
ئويىندى پەدىنىڭ ئۇستىدە.
ناخولدىن تىترەيدۇ نازۇك تار،
نە بولدى يۇرەككە، جىغىندە!

مەس بولدى مېھمانمۇ شاراپسىز،
سۇرمەكتە مۇقامنىڭ پەيزىنى.
مىڭ سەر پۇل بېرەي، ئاچ دىسەڭمۇ
ئاچمايدۇ پەيزىدىن كوزىنى.

ئاھاڭلار سىرلىق بىر موجىزات،
ۋەزنىنى تارازا ئولچەلمەس.
قارس قىلىپ چاقىدۇ مېغىزىن،
تەكتىگە يەتكەنلەر ھەر نەپەس.

مىڭ يىللىق ئۇزاتقان ئىددىقۇت،
كۇچار ھەم قەشقەرنىڭ نەغمىسى.
ئاپىرىن، يۇرۇڭقاش بويلىرى،
ئەي سەنئەت گوھىرى ـ غەزنىسى.

ئاپىرىن، جان تارىم ۋادىسى،
شاۋقۇنۇك مۇقاملار ئانىسى.
نەغمىلەر تارالغان چاقماقتەك،
نىمە ئۇ چىڭگىزنىڭ ئوق ياسى!

ئاھ، مۇقام، كۈيلەرنىڭ شاھىسەن،
خەلقىنىڭ بىباھا تاجىسەن.
قان - تەرسەن، ئارزۇسەن - تىلەكسەن!
كۆپۈلدەپ توختىماس يۈرەكسەن!

سېنىڭدىن كەچكەن ئەر، ئەر ئەمەس،
سېنىڭدىن تايغان يەر، يەر ئەمەس.
سېنىڭسىز تەندە جان سۇ ئىچمەس،
كوكلىمەس، ياشنىماس، گۈللىمەس!

قېنى ئۇ راۋاقلار، قەسىرلەر،
قېنى ئۇ قەلئەلەر، قورغانلار.
ئەپكەتتى يىللارنىڭ شامىلى،
سەن قالدىڭ زاماندىن - زامانلار.

ئەي مۇقام، تۇرگۇندۇر ئەۋلادىڭ،
ئەۋلادىڭ ئۇنتىماس پەدىنى.
قېنى كىم باغلىغان شۇ قىزدەك،
ئىشتىياق، سۆيگۈنى، رىشتىنى؟!

نەغمىدىن كوپ خوشتۇر بۇ مېھمان،
كوزلىرى مەجنۇننىڭ كوزىدەك.
مەجنۇننىڭ كوزىسىز قاچاندا،
قەلەمقاش كورۇنگەن لەيلىدەك؟!

كەمبەغەل سۇرەتتە ياسىنىپ،
ئۇيىمۇ - ئۇي ھال ئۇققان بۇ مېھمان،



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىم دىسەڭ، يەركەننىڭ سۇلتانى،
مەرىپەت خۇمارى — رىشت خان.

مەرگەن ئۇ، ئوقيادىن ئوق ئۇزسە،
كەتمىگەي قىل ئۇيان، قىل بۇيان؛
خەتتاتتۇر، يازسا گەر ھوسنى خەت،
ئۇيىتار ھەتتاكى گۇل - بوستان.

شۇ خاقان ئاشىقى - بىقارار،
قىز چېھرى ئەتتىمۇ خىريدار؟!
مۇقامى، مېھنىتى، سەنئىتى
قوزغىدى مۇھەببەت، ئېتىۋار!

نىيەتكە پۈكتى خان غۇنچىنى،
كېچىكمەي چۈشكىسى يارلىغى.
شۇنداق توي قىلاركى، قىرىق كۈن،
قىرىق بىر توگە مال تويلىغى!

4

پەشتاقلار ئۇستىدە ناغرىچى،
چوكىنى ئۇرۇشى باشقىچە.
تەڭكەشتە كانايلار، سۇنايلار،
سامادا تا يەتمىش ياشقىچە.

دوغاپچى پىقىرار شامالدەك،
كاۋاپچى ئوينايدۇ بىقىشىپ.

زەرگەرنىڭ قەدىمى ئالتۇندەك،
ئۇششاقلار تىنمايدۇ چېلىشىپ.

رىگىستان① ئالدىدا تاماشا،
ئادەملەر ئېقىنى قىيانىدەك.
سەنئەتتە يەركەننىڭ ئاسمىنى،
چولپانىنى ھەيرەتكە سالغاندەك.

ئاسمانى - پەلەكتە دارۋازمۇ،
ئوينايدۇ مولاقچى كەپتەردەك.
ئەندىكىپ قارايدۇ مومايلار،
قولىنى سايە قىپ بەكىرەك.

بىر ياندا "ھە، ھۇ" دەر نوچىلار،
خورىزى تالاشسا، مەستانە.
بازغىشىپ، ھۇرپىيىپ ئېتىلسا،
قاقاقلار، تاپقاندەك دۇردانە.

بىراۋلار ئويناتسا مايمۇننى،
بىراۋلار سېھىرگەر - كوز باغلار.
بىراۋلار سوزلەيدۇ جەڭنامە،
بىراۋلار "تەقدىر" دىن پال ئاچار.

چايپۇرۇش دەملەيدۇ ئاچچىق چاي،
كاۋاپچى يەلپۈيدۇ ئوتداننى.

① رىگىستان — يەركەن شەھىرىدە خانلىق ئوردىسى بولغان جاي.



— ياغ يەڭلار!
توۋلايدۇ مانتىپەز،
ناۋايلار يېقىشار ئاق ناننى.

جاكاچى كېلىدۇ "پوش - پوش" دەپ،
مەپىلەر، ھارۋىلار چوڭ كارۋان.
قىقاسلار، چاۋاكلار ئۈزۈلمەس،
ناخشىلار يۈرەككە ئورناشقان؛

"ھاي - ھاي ئولەن، ھاي ئولەن،
تويلىشىڭدۇر،
ئالتۇن بويلۇق گۇل يىگىت،
سىردىشىڭدۇر.
... .... "

بۇگۈنكىم، تارىخچى ھەر ئالىم،
چىلايدۇ دۇۋەتكە پەي قەلەم.
پۈتىدۇ شاھانە بۇ تويىنى،
پۈتىدۇ تېىچ ۋە خاتىرجەم!

ساقىيا، قۇي ماڭا بېلىق كوز،
مەركىنىڭ ھورمىتى، نەسىۋەم.
بۇ — ئەھلى ئىلىمگە چىن ئىخلاس،
ئۇنىڭسىز نۇرلانماس قەسىدەم.

## 5

پەلەكتىن يۈكسەكلىك تالاشقان،
يەركەننىڭ ساناقسىز مۇنارى.
گۈمبەزلەر ھەر بىرى بىر ئاسمان،
جان تاپقان ھەر نەقىش نىگارى.

ئويغاقتۇر بۇ شەھەر،

مەشئەللى
تا سۇبھى مەزگىلى ئۆچمەسكەن.
كوكۇللەر ئاسمانكى، ئۈنىگدىن،
مۇقاملار يۇلتۇزى كوچمەسكەن!

شۇ يىپەك يولىدا، تىنىمسىز،
جۇشقۇنلاپ تۇراركەن ساز ئىشقى.
تۇتاشقان رىشتىگە رىشتى ھەم،
جاھاننىڭ مەغرىبى - مەشرىقى ...

چاڭئەندىن، ئىراقتىن، ئىراندىن،
خارازىم، سەمەرقەنت، ئەنجاندىن؛
ئىستامبۇل، كەشمىردىن، بەلختىن،
كېلىدۇ شاگىرتلار ھەر ياندىن.

مۇقامى "ۋىسال" نىڭ ئاتىسى،
قىدىرخان شوھرىتى زىيادە.



www.uyghurkitap.com

ئۇلۇككە جان بېرەر "ھەشت تار"①ى،
بىساتى - ئىلىم ھەم ئىرادە.

ئۇتىقىن گەر ئاڭلاپ تۇتىمۇ،
مەس بولۇپ تەكرارلار بىر ئۇمۇر.
بىر زاتكى، تەشناغا سۇ بەرسە،
تۇڭخانغا يەتكۈزەر ئوت - كومۇر.

شۇ ئالىم دىيارى - يەركەنگە،
ياراشتى مەلىكە ئايىمغى.
مەردىپەت ئەھلىدە جانلىنىش،
ئۇ، بۈيۈك يولەنچۇك بىر تېغى ...

كوچىدا مىش - مىش گەپ كەلكۈنى:
مەلىكە ئاتارمىش پەرەنجە.
ئويمۇ - ئوي، مەھەللە ئارىلاپ،
يۇرەرمىش تاكى تاڭ ئاتقۇنچە.

ئانىلار تەۋىتىپ بوشۇكنى،
ئوقۇسا غەزەلنى ئۇيقۇلۇق.
ئىشىكنىڭ قېشىدا ئېرىنەي،
ئاڭلارمىش تامامەن، قايغۇلۇق.

جىم بولار چايخانا ئىچىمۇ،
ساتارچى مۇقامنى باشلىسا.

① ھەشت تار — قىدىرخان ئىجات قىلغان 8 تارلىق چالغۇ ئەسۋاپ.

جان - جىنى ئىرەركەن سىماپتەك،
مەلىكە پىنھاندا ئاڭلىسا.

تاڭ بىلەن ئوردىغا يانارمىش،
مۇڭ بىلەن ئورتىنىپ يانارمىش.
مەگزىدىن چۈشەرمىش ياش ئىقىپ،
خىيالى چۇلغىنىپ قالارمىش ...

مەلىكە ئويلاركى،
نىيەتسىز -
ئادەملەر ئوچكەن بىر چۇچۇلە.
ھەر ئىغىر دانىنىمۇ كوتىرەر،
جۇرئەتلىك بىر كىچىك چۇمۇلە.

مۇقام بىر چىراقتۇر، ياغ قۇيۇپ —
كېلىدۇ پىلىكنى سالغۇسى.
شەرقنى سەنئەتنىڭ نۇرىدا،
كېلىدۇ يورۇتۇپ تۇرغۇسى.

6

گۇلى بار گۇلىنى قىسقاندەك،
مەلىكە ئىلكىدە بىر تەمبۇر.
قارايدۇ كوز تىكىپ، سىنچىلاپ،
مۇھەببەت، ھورمەتتە مەس - مەغرۇر.

تەمبۇركى، تارلىرى ئالتۇندىن،
نەقىشتىن كۇمۇچ ھەم ئويىتار.



ناخولى مۇڭداشسا تار بىلەن،
ئەللەردە ھاياجان ئويغىتار.

خىيالەن قۇچاقلار مەلىكە،
تەمبۇرنى يەتكۇزگەن بوۋاينى.
قاراۋۇل يىگىتكە ئىپتىمغان،
ئىسمىنى،
كورسەتمەي چىراينى.

ئۇلۇشكۇن كەچ خۇپتەن ۋاقتىمىش،
سارايىنىڭ ئالدىغا كەپتۇمىش.
پانۇسنىڭ يورۇغى ئاستىدا،
ئامانەت بىر سوزنى دەپتىمىش:

— جاڭگالدا بىر توغراق كوتىگى،
ئەتىدىن خوي قىلدى ئاۋارە.
كولىدىم بىلەكنى تالدۇرۇپ،
كورۇندى يۇمۇلاق بىر قەۋرە.

باش ياقتا توققۇزچە قارا تاش،
ئەسرلەپ ئۇخلىغان بىر مۇمىيا.
چاچ، كىرپىك ھىلىلا ئۇسكەندەك،
قاڭشالىق ھەم يەنە قاش قارا.

ئۇستىدە زەنجىرلىك ساۋۇتى،
بىر ياندا 3 غۇلاچ نەيزىسى.

بىر ياندا تەمبۇرى،
نە كوردۇم!
ئاتەشكە تولغاندەك گەۋدىسى.

سۇر باستى، تەر ئاقتى شۇرقىراپ،
ئۆزەمگە دىددىمكى، ھەي توختا.
تەۋەرۈك بوپقالسۇن شۇ تەمبۇر،
ئېلىپ كەت، بىر كۇنلەر ئەسقاتا.

يول بويى تەمبۇردە خىيالىم،
ئۆزەڭغۇ ئوتتۇنچى، كىم چالار؟!
كۆلدى كوز ئالدىمدا مەلىكە،
يادىمغا يەتكەندە مۇقاملار...

گۆلى بار گۆلنى قىسقاندەك،
مەلىكە ئېلكىدە بىر تەمبۇر.
تويمايدۇ كوز تىكىپ، سىنچىلاپ،
مۇھەببەت، ھورمەتتە مەس ـ مەغرۇر.

شۇ دەمدە ئىلھامنىڭ چاقمىغى،
قەلبىمنىڭ كوكىدە نۇرلىنىپ؛
يېڭى بىر مۇقامنىڭ ئىشقىدا،
تارلارنى چەكتى ئۇ شوخلىنىپ.

شۇ «ئىشرەت ئەنگىز»① دەپ ئاتالغان،
مۇقامنى باشلىدى ئېھتىمال.

① ئىشرەت ئەنگىز — مەلىكە ئامانىسا ئىجات قىلغان مۇقام.



ھە، راستىغۇ، گۆل سەھەر ئېچىلار،
ئېچىلار كېچىدە ئوي ـ خىيال.

ئوخشار ئۇ بىر گۈزەل ماھىرغا،
مىڭ رەڭدە تاۋلىنا ئەتلىسى.
ئاھاڭلار گويا بىر ئوچمەس رەڭ،
ئوچۇرەر سۇ، شامال... قايسىسى؟!

ئاھاڭنىڭ بىر ئۇچى يۈرەكتە.
بىر ئۇچى شۇ تالماس بىلەكتە.
ئوخشىماس گىيانىڭ ئومرىگە،
يۈرەكنىڭ ساداسى ـ يۈرەكتە!

7

ساقىيا، گۆل رەڭلىك مەي بولسۇن،
يۈز جامدا كەلتۈرگىن، جام تولسۇن.
تۇتايمەن بارچە ساز ئەھلىگە،
نەزمىلەر يۇلغى ئۇرغۇسۇن!

خوش ئەمدى كېلەيلى سوزگە بىز،
(مەلىكە ھەققىدە سوزدىمىز.)
سۇلتاننىڭ سويۇملۇك غۇنچىسى،
ئەڭگۈشتەر، گوھەرگە بەرگۈسىز.

بولمىسا يېنىدا بىر لەھزە،
ئوخلىماس يا شاراپ ئىچمەس ھەم.

كۆي- سازى، خوش خۇلقى- جان سۆيى،
(تا ئىززەت ئەيلەيدۇ ئەل- ئەلەم!)

"رەشدى" ①تەۋرەتسە قەلەمنى،
"نەفسى"② يازاركەن مۇخەممەس.
بىرەيلەن ئانارنىڭ دانىسى،
بىرەيلەن شېخىدۇر ھەر نەپەس.

ھاياتلىق دەرىخى بەرگىدىن،
ھەركۈنى چۈشەركەن بىر ياپراق.
بۇلاركەن بىھۇدە ئاققان سۇ،
ئۆمۈرلەر ئۆتمەسۇن ياق ئۇنداق!

چىرايى بىر ئەينەككە ئوخشايدۇ،
ئۇنىڭدا خىيالىنىڭ سايىسى.
مەلكىە يۈرەركە نە ئويلاپ؟!
بىلەلمەي ئاۋارە ھەممىسى.

خوش بولسۇن كۆڭلىنى ئاچسۇن دەپ،
تۈزۈلدى مەشرەپنىڭ سورۇنى.
نازىنىن كېنىزەك— قىردىق بىر،
ھەر بىرى ساز، ئۇسۇل چولپىنى.

بۇلبۇللار، تۇتىلار سايرىشار،
(ياشلىقى شوخلۇقتا يارىشار.)

①رەشدى — ئابدۇرىشىت خاننىڭ تەخەللۇسى.
②نەفسى — ئامانىساخاننىڭ تەخەللۇسى.



قەپەزدىن پۈررىدە چىقاندەك،
ئېچىلىپ، شىشىلىپ ئويىنشار.

سورۇنغا چىچىلدى مەرۋايىت،
ھەر ياڭغا چاچرىدى مولدۇردەك.
كۆزلەردە ھەيرانلىق بەلگىسى،
قارىشار جىمىكى كېنىزەك.

كوزىتەر مەلىكە شۈك تۇرۇپ،
كوڭلىدە بىر يۈكسەك مۇددىا.
يىغماسقا بىرلامدۇ، ياق بولماس!
قىزلارغا بولدى بىر تاماشا.

بىر- بىرلەپ تەرمەكتە چۈرقىراپ،
قىزغىنىپ، بەسلىشىپ، ئىنتىلىپ.
شۇ ھالدا كورۇندى رىشىت خان،
شوخشىدى ھەممىسى دۇر قىلىپ.

بىجا قىپ تەبەسسۇم تازىمنى،
مەلىكە ئۈندىمەي تۇردى جىم.
چوچۇش ۋە ھەيرانلىق ئارىلاش،
دىدى خان: نە ئىش بۇ، بىلمىدىم؟!

—گوھەر بار، قەدرىنى بىلمىدۇق،
ئۇ— مۇقام! كويىمىدۇق، يىغمىدۇق.

ئەۋلاتقا قالسۇن دەپ يادىكار،
رەتلەشكە تۇتتۇنساق دىۋىدۇق...

خان دىدى: مەلىكە يارايسىز،
قابىلسىز، يولتۇزنى سانايسىز.
كومۇلگەن مۇغەننى، شائىرلار،
ماھارەت كورسەتسۇن يىققايسىز!

شۇلارنىڭ ھەق ھورمەت - ئىززىتى،
لىپ تولغان قەدەھنى بوشىتاي.
مىسرالار مەنزىلى بىر يىراق،
مەسخۇشلۇق ئىچىدە يول تۇتاي.

## 8

ھەسەتخور، مەككارلار دەر ئىمدىش:
بۇلغاندى سارايىنىڭ ھەم ئىچى.
ئىش بىلمەس بولغاندەك كەشتىچى،
ساز بىلمەس بولۇپتۇ، مۇقامچى...

تىللىرى قۇرسۇن، تىللىرى،
چايانلار تىغ ئۇرغان كىم ئىكىن؟!
لەقىمى قەلەندەر، مۇغەننى،
ئاقساقال يىرتىق تون بىر غەمكىن.



ئۇ تامنىڭ تۇۋىدە ساز چىلىپ،
بۇ تامنىڭ تۇۋىدە ساز چىلىپ.
ئىشقىنى بىغىشلاپ مۇقامغا،
كىلىندۇ تىنىمسىز ئىنتىلىپ.

ئاچ قالسا ئاچ قالار كۇن - كۇنلەپ،
نومۇستىن ھىچكىمگە يىلىنماس.
كۆزىنىڭ نۇرلىرى شۇنچە پاك،
ئالماستەك سۇنماس ھەم قايرىلماس.

كەچ چۇشسە قەدىمي شەھەرگە،
ماڭىدۇ ساتارنى قولتۇقلاپ.
ماكانى ۋەيرانە قەبرىگاھ،
شۇ يەردە ياشىغان يىل - يىللاپ.

نە قورقۇش، ۋەھىمە ئۇندا يوق،
ساز چالار، سۇكۇتتە قەبرىلەر.
ئاڭلايدۇ يىراقتا مەلىلەر،
ئاڭلايدۇ يىتىمچى نەۋرىلەر.

بىر كىچە، ساتارنىڭ بىر تارى،
ئۇزۇلدى ئەجەپ بىر مەزگىلسىز.
مۇمكىنمۇ مۇغەننى بوۋىغا،
كىچىنى ئوتكۇزمەك ئۇنىڭسىز.

نە ئىلاج؟! باش قىتىپ تۇرغان پەيت،
كورۇندى ئاق لەيلى لاپپىدە.

ئاق ـ ئايدەك ئاق لىباس، مەلىكە،
يۈرىكى تونۇدى گۈپپىدە...

فارابى قالۇنى توكسە مۇڭ،
لۇتپىنىڭ يۈرىكى چاك بولغان.
سەككاكى باياتى ـــ سېھرى كۈچ،
تىڭشىغان تاغ ئېرىپ خاك بولغان...

مەلىكە ئۈزاتتى ئالتۇن تار،
تىترىدى بارماقلار ئالغىچە.
ئىككىسى مۇڭداشتى بىر ھازا،
يۈرەكلەر پۇخادىن چىققىچە.

ئىرادە ئەيلىدى بۇۋايەۋ،
ئىچىدە بارىنى توككىلى.
ئەجرىسىز قاچان بىر ئېچىلغان.
گۈلشەندە گۈللەرنىڭ سەرخىلى؟!

ساقىيا، ئىچەيلى بىر قەدەھ،
ئەيىپكە بۇيرۇما سەن مېنى.
كېلەر گۈل ـ گۈلىگە سوزلىرىم،
بولغاندا شاراپنىڭ گۈلگۈنى!

9

سارايدا شاھانە زىياپەت،
دانىشمەن ئالىملار بولمىش جەم.



ئۈستىدە مەلىكە تارتۇغى ـ
ۋالىلدار يېڭى تون بەقەسەم.

ھەر كۈزدە پۈتمەس بىر خوشاللىق،
تومۇردا ئۇركەشلەپ ئىسسىق قان.
مۇشۇ بىر مىنۇتلار كۈرەشسىز ـــ
ئەجرىسىز كەلمىدى ھېچ ئاسان!

كۈن نۇرى، ئاي نۇرى، شام نۇرى،
شۇئىرغان، بورانىنىڭ، ياڭغۇرنىڭ ـ
ئاستىدا، تەر توكتى ھەر ماڭلاي،
مەشئىلى يالقۇنلاپ غۇرۇرنىڭ.

ھەر نەغمە بىر ئالتۇن زەنجىرە،
رەتلىمەك بىردىن بىر ئېھتىياج.
بارچىسى كۈن ـ كېچە شۇ كويدا،
تەتقىقات ـــ بۇ مېھنەت ـ ئالتۇن تاج!

ئۈستىسىز بولماسكەن ھېچ ھۈنەر،
مەلىكە بۇ ئىشتا سەرداردۇر.
(قانچىلىك بولسا ھەم يۈك ۋەزىن،
قارارى شۈبھىسىز قاراردۇر.)

ئويلاندى، ئىمزالەندى چوڭقۇرلاپ،
يازغىنى تەخلەندى ئاسماندەك.
كېڭەشتى، سىرداشتى، مۇڭداشتى،
(كەم بولماس بۇ ئادەت ئاش ـ ناندەك.)

ئاقىللار ئەقلىدىن ياققان نۇر،
مۇقاملار ھوسنىگە قوشتى جان.
گۈزەللىك، نەپىسلىك، مەرتلىكنىڭ،
يالقۇنى ئىچىدە بۇ مەيدان.

ئەل رازى، ھەر ئالىم رازىدۇر،
سوييۇنۇپ ئۇچرىشار ھەر بىر كۆز.
بولغاندا دەستۇرخان تارتىلىپ،
مۇزىكا تىلىدىن ئۇچتى سوز.

مۇقاملار ئۇستازى مەلىكە،
چەككەندە تارلارنىڭ باغرىنى؛
ئەۋجىدىن - ئەۋجىلەر تۇغۇلۇپ،
مەھلىيا ئېتەركەن بارىنى.

شۇ ئاندا پۇرىدە ئۇچۇپلا،
بىر بۇلبۇل تەمبۇرگە قونۇپلا،
چاڭىلداپ ئادەمنى مەس قىلىپ،
سايراشقا باشلىدى تۇرۇپلا.

سايرايتتى، پۇرۇلداپ ئۇچاتتى،
تەمبۇرنىڭ ئۇستىدىن ئايلىنىپ.
بۇ ھالدىن ئەجرنىڭ مىۋىسىن،
كورمەكتە مەلىكە شاتلىنىپ.

مەلىكە دەرلەركى، گۇل ھىدى،
ياپراقنىڭ قەينىدا پىنھاندۇر.



www.uyghurkitap.com

موكۈندۇم ھەر تارنىڭ ئىچىگە
جامالىم - مۇقامدۇر، ئاھاڭدۇر.

سېغىنسا مەگەردە ئەۋلادىم،
مۇزىكا - كۈيلەردىن ئىزلىگەي.
يادىمغا كەچمىسە بۇ خىيال،
كىيىكتەك چوللەردە تېنىگەي!

## خاتىمە

مەلىكە تا بۇگۇن ھاياتسەن،
قۇلاق سال: راك، ئۇشاق، ئەجەمگە.
سەن چاچقان ئىپارلار بىر كەلىدۇ،
ئىلىغا، قەشقەرگە، خوتەنگە...

يوقاتماس مۇقامنى تىيانشان،
كوچىسە قار، ياغسا مۇز، تەۋرەپ يەر.
ناخشىدا تورەلدۇق، ياشىدۇق،
ناخشىلار بىباھا، بىر گوھەر.

ئورمانلار ناخشىنىڭ بوشۇگى،
چوققىلار مۇقامنىڭ ئەۋجىدۇر.
بۇلاقلار ئۇزۇلمەس كۇمۇش تار،
يالقۇنلار ھارارەت — تەپتىدۇر.

ئۇسىدۇ ناخشىنىڭ كۈچىدىن،
باغدا گۇل، چوللەرنىڭ يۇلغۇنى.

ناخشا دەپ چىققىلى ئالدىراپ،
تاڭلارنىڭ چىرايلىق چولپىنى.

ئۈيلەردە، مەشرەپتە، تويلاردا،
خاڭلاردا، كارىزدا، يوللاردا؛
ناخشىلار ئۈزۈلمەس بىر ئېقىن،
تاغلاردا، باغلاردا، غوللاردا؛

سۈنماستۇر ناخشىنىڭ قانىتى،
پەرۋازى كېتىدۇ ئەسىرلەر.
بارىدۇ يىللارنى قۇچاقلاپ،
ناخشىدا ئىز بېسىپ نەسىللەر!

1981 - يىل 4 - ئاي.



# يەتتە قىز ھەققىدە چۆچەك

بار ئىكەنۇ - يوق ئىكەن،
ئاچ ئىكەنۇ - توق ئىكەن.
زامانلارنىڭ ئەۋۋىلى،
لەنساڭجياڭنىڭ① ساھىلى،
ئاندا غەمگە مۇپتىلا،
بولغانىمىش بىر قىز بالا.

ئىسمى يوُيىدۇ ئىكەنمىش،
كوڭلى سۇنۇق ئىكەنمىش.
يا ئاتىدىن دىمەپتۇ،
يا ئانىدىن دىمەپتۇ.
بەخت ئاڭا باقماسكەن،
كوز- يېشى قۇرۇماسكەن.

ئاي- كۆلەر ئۆتۈپ بىر- بىر،
بولۇپتۇ يېشى ئون بىر.

①لەنساڭجياڭ - شىشۇاڭبەننادىكى بىر دەريا.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى

بار ئىكەن بىر سودىگەر،
خوتۇنى بىر جادۇگەر.
شۇلارغا چاكار بولۇپ،
تىل ئىشىتىپ خار بولۇپ،
ئۆتكۈزۈپتۇ سۇ كۈنلەرنى،
قانچە - قانچە تۈنلەرنى.

شاڭخەن دەرمىش قىزنى،
ئايدا يۇيماس يۈزىنى.
يۈيدۇغا بەس سالمىسا،
ئۇنىمايدىكەن بولمىسا.
يۈيدۇنىڭ ئىشى تولا،
يېتىشەلمەس يالغۇزلا.
ئوتۇن يارسا سۇ تۇرغان،
خېمىر ئەتسە، كىر تۇرغان.
ھېرىپ ھالى قالماسكەن،
ئاڭا ئارام بولماسكەن.

ئايلار - ئاينى قوغلىشىپ،
يىللار - يىلنى قوغلىشىپ،
يۈيدۇ قىزمۇ لەپپىدە،
بوي تارتىپتۇ گۈپپىدە.
ھوسنىگە تولۇپ قاپتۇ،
زىبا قىز بولۇپ قاپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپ بىر كۈنى،
سودىگەرنىڭ خوتۇنى،



كاپىشىپ، نەچچە سىلكىشلەپ،
تاغدىن ئوتۇن ئەپكەل دەپ
بوزەك قىلىپ ئاجىزنى،
ھەيدىگەنمىش شۇ قىزنى.

تاغ ئىكەنمىش ئورمانلىق،
غول جىراسى تۇمانلىق،
قىزچاق مىڭبىر ئېگىشىپ،
ئۆزى بىلەن كېڭىشىپ،
ئۇ ياندا ئوتۇن كەسلەپ،
بۇ ياندا ئوتۇن كەسلەپ،
ئۆزى بولدى دىگىچە،
ئوتۇن يىققان چۈشكىچە.

بىر دەرەخنىڭ بويىدا،
ئولتۇرۇپتۇ سايىدا.
ئاسماق - ئاسماق ماڭگۇسى،
ئىمىش شىرىن مىۋىسى.
ئۈزەي دىسە قول يەتمەس،
چىقاي دىسە بوي يەتمەس.
پىچىرلاپتۇ: مۇبادا
يىگىت بولسا دۇنيادا،
دىگىنىمگە بىر كونسە،
مىۋىنى ئۈزۈپ بەرسە،
يۈرگىچىلىك سارغىيىپ،
توي قىلاتتىم مەن غېرىپ.

— پەرى - پەيكەر ئۆزىڭىز،
راستمۇ مۇشۇ سوزىڭىز؟
دەپ دەرەخنىڭ كەينىدىن،
سادا چىققان غايىپتىن.

قىزچاق هەيران بولغانچە،
ياقىسىنى تۇتقانچە،
شاخ - شۇمبىنى قايرىسا،
بىر يىلانمىش قارىسا.
ئاستا داجىيىپ كىتەي دەپ،

تەلەتىنى كورمەي دەپ،
شۇ نىيەتكە كەپتىمىش،
لىكىن ئىلان دەپتىمىش:
يىگىت ئىدىم ئەسلى مەن،
ئادەمزات نەسلى مەن.
ئىرغاتسام مەن ئىرغاتسام
دەرەخنى مەن ئىرغاتسام،
ئىشىڭىزغا ئاش بولسام،
غەمگۇزار يولداش بولسام.

ۋاپاغا - ۋاپا قىلىپ،
ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ،
قىز يىتىشىپ ماڭگۇغا،
توي قىلغانمىش ئۇنىڭغا.



ئۇيگە كەلسە كەچقۇرۇن،
چوقان سىلىپ ئۇ خوتۇن:
چىق ئۇيۇمدىن پات، دەپتۇ،
تارتقۇلۇقنى تارت، دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ قوغلىنىپ،
هەر ئىككىسى مۇڭلىنىپ،
مىڭىپ ئاخىر توختاپتۇ،
بىر تاغدا ماكانلاپتۇ.
تاغ تۆۋىدە ئوي قىلىپ،
تىزەك قالاپ چوغ قىلىپ،
يەر تىرپتۇ بۇ يىلان،
سۇ ئىچىپتۇ بۇ يىلان.

بىر كۇنىسى پاراڭدا،
يىلان دەپتۇ پىغاندا:
جادۇگەرنىڭ سىهرىدىن،
هىلىسىدىن - مىكرىدىن،
مىنىڭ بالاغا ئۇچرىدىم،
هەر بالادا ئولمىدىم.
مىنى هاپاش ئەتسىڭىز،
نەچچە تاغدىن ئوتسىڭىز،
بەش كۇنچە ئاچ يۇرسىڭىز،
بىر دەريانى كورسىڭىز،
شۇدۇر دەردىم داۋاسى،
شۇدۇر رەنجىم شىپاسى،

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماقۇل بوپ قىز يول يۈرۈپ،
يول يۈرسىمۇ مول يۈرۈپ،
شۇندىن - شۇنىغا كەلگەنمىش،
ئېرىدىن سوز كۆتكەنمىش،
— مەن چومۇلەي باش ياقتا،
سىز چومۇلۇڭ ئاياقتا،
ئالتۇن رەڭلىك بىر نەرسە،
كۆمۈچ رەڭلىك بىر نەرسە،
ئېقىپ كەلسە تۇتماڭ سىز،
بىلىپ - بىلمەي ئالماڭ سىز.
دەپتۇ ئېرى باشتىلا،
تاپمىسۇن دەپ بىر بالا.

يەۋيدۇ سۇغا چۈشكەنمىش،
غۇلاچ تاشلاپ ئۈزگەنمىش.
سۇنىڭ يۈزى ۋالىلداپ،
كۆمۈچ كەمەر پالىلداپ،
ئاستا ئېقىپ كەلگۈدەك،
يەۋيدۇ "هەتتەڭ!" دىگۈدەك.
ئىككى خىيال بولۇپتۇ،
لېكىن سوزدە تۇرۇپتۇ.

بىر چىنە لەيلەپ - لەيلەپ،
بىر ئىگىزلەپ، بىر پەسلەپ،
قىشىغىلا كەلگەنمىش،
ئۇ هەم تۇتاي دىگەنمىش،



مەيلى نىمە كورسەم دەپ،
نىمە بولار ئالسام دەپ،
قولىنى بىر سوزغانمىش،
بۇ قول غايىپ بولغانمىش.
چوقان سەپتۇ شۇئاندا،
پەيدا بوپتۇ ئەر ياندا.

— ئالماڭ دىسەم ئېلىپسىز،
ئەجەپ يامان قىلىپسىز،
دەپتۇ شۇنچە قايغۇرۇپ،
ئىچ - ئىچىدىن ئاه ئۇرۇپ.
كەمەر - كەمەر ئەمەسكەن،
چىنە - چىنە ئەمەسكەن،
جادۇگەرنىڭ سېهرى،
قاسىراق ئىمىش هەربىرى،
يوغان ئېچىپ ئاغزىنى،
شۇمۇرۇپتۇ يەلكىنى،
سۇنداق قىلسا بىر پەستە،
قول چىقىپتۇ مىڭ تەستە.
ئورۇلۇپتۇ خوشلۇقتىن،
چورۇلۇپتۇ خوشلۇقتىن،
ئايىلىنىۋ، ئۈزىمۇ،
تەندۇرۇست بوپ تازىنىۋ،
يىتىپ كەلسە مەلىگە،
قاراپ باقسا كەپىگە،
كەپىسىنىڭ ئورنىدا،

تۇرغىدەك ساراي - ئوردا،
كۆلۈپ مۇرات غۇنچىسى،
شات ياشاپتۇ ئىككىسى.

ئاڭلاپتۇيۇ - ئاڭلاپتۇ،
دەللە بۇنى ئاڭلاپتۇ.
دەسلەپ ئۇسەك گەپ دەپتۇ،
كېيىن بىلىپ "خەپ!" دەپتۇ.
دەپتۇ: خانىش مەن بولسام،
قىزىمنى خانقىز قىلسام،
ئالتۇن سارىيىم بولسا،
تۇرغۇن مالىيىم بولسا ...
ئالدىغىمۇ باقماستىن،
ئارقىغىمۇ باقماستىن،
كەم ئەقىل، تەلۋە خىيال،
تاققا كېلىپتۇ دەرھال.

ئورمان تۇرگەن قاپاقنى،
سۇر باسقانىمىش ھەرياقنى.
ۋەسۋەسىدە چۇرگىلەپ،
تـوت پۇكلىشىپ ئومىلەپ،
بىر يىلاننى كورۇپتۇ،
"تاپتىم!" دەپتۇ كۇلۇپتۇ.
بوينىغا سېلىپ زەنجىر،
ئەكەپتۇ ئويگە ئاخىر.



دەپتۇ: قىزىم بارمىتىڭ؟
كەلدى تەلەي، ئامىتىڭ!
سەت دىمەستىن تىگىۋال،
بىر توشەكتە يېتىۋال.
ئالتۇن دىسەڭ ئۇنىڭدا،
كۇمۇچ دىسەڭ ئۇنۇڭدا!
سوزلىرىمگە كىر ئەددى،
چىمىلداققا كىر ئەمدى ....

يېرىم كېچە بولماستىن،
قىز تووۋلاپتۇ تىنماستىن:
" — ۋاي ئاپا! ۋاي پەندىيات،
قۇتقۇز مېنى ئەمدى پات.
پۇتۇمدىن يۇتار بوادى،
جېنىممۇ چىقار بولدى."
ماراپ تۇرۇپ ئاپىسى،
دىگۇدەك: "يوق ھىچقىسى.
پۇراپ قويسا پۇتۇڭنى،
سەت چىقارما ئۇنۇڭنى!"

قىزى يەنە بىر كەمدە،
چىقىراپتۇ ئەلەمدە:
"ئىككى پۇتۇم ئاغزىدا،
جېنىم ئاپا ئەلۋىدا!"
ئاپىسى دەر: "سويگىنى،
يىلان غوجام كويگىنى."

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىزى يەنە دەپتىمىش:
"يىلان مېنى يەمدىمىش.
كانىيىمغا قالدى ئاز،
قۇتقۇزمامسەن، پات قۇتقاز!"
ماراپ تۇرۇپ ئاپىسى،
دىگۇدەك: "يوق ھېچقىسى.
يۇتۇۋەتسۇن غۇپپىدە،
غەم تارتمىغىن بىھۇدە،
ئەرتە - تاڭلا تۇرسەن،
بىرخان ئايىم بولسەن،
ئالتۇن تاجىڭ بېشىڭدا،
پاياندازلار ئاستىڭدا!"

ماراپ باقسا تاڭ سەھەر،
قىزدىن يوقمىش ھېچ خەۋەر.
يىلان يەردە ياتقىدەك،
يوغىناپتۇ قورقۇدەك ...

1980 - يىل 4 - ئاي، شىشۇاڭبەننا - جىڭخۇڭ.

مۇقاۋىسىنى مەخسۇت روزى
قىستۇرما رەسىملىرىنى غازى ئەمەت ئىشلىگەن



帆
（维吾尔文）
博格达·阿不都拉 著
责任编辑：亚 生
责任校对：伊布拉音
新疆青年出版社出版
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
787×1092 毫米 1/32开本5,875印张
1983年9月第1版 1983年9月第1次印刷
印数：1—6,000

一书号：M10124·66 定价：0.35元

2